# تەۋارىخى مۇسىقىيۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر ،خەمىت تۆمۈر

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

## كىرىش سۆز

بىز كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەكچى بولغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) رىسالىسى خوتەن شەھىرىدە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىز ئاساسلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق دىۋانىنىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ تۈپلەنگەن بولۇپ، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىلللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا. كىتاب نومۇرى 909.217/149. قولىيازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغىزىگە خەتتى نەستەلىك ئۇسلۇبىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 39 بەت. ھەر بىر بەت ھەجمى 2215 سانتىمېتىر، ھەر بەتتىكى تېكىست ھەجمى 19 سانتىمېتىر، ھەر بەتكە 15 قۇردىن خەت يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ تېكىستى قارا سىيادا، كىچىك ماۋزۇلىرى قىزىل سىيادا قومۇش قەلەم بىلەن كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما قوشۇپ تۈپلەنگەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسى جىگەررەڭ قىرىم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، يۈزىگە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا چىرايلىق نەقىش ئىشلەنگەن. ئاپتور بۇ ئەسەرنى :

پۈتۈك تارىخىن تارىخىن دېپ ئىدىم،

بىلەلمەسمىكىن دېپ ئەجەب غەم يېدىم.

تۆگەت سۆزنى مۆجىزى غەرب بىناۋا،

ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ماساۋا.

دېگەن شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇ شېئىرنىڭ "پۈتتۈك تارىخىن تارىخىن دېپ ئىدىم" دېگەن مىسرادىكى كېيىنكى "تارىخىن" سۆزى ئەبجەت بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە ھىجرى 1271ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يەنە قىزىل سىيادا كونىچە " سنه" دېگەن يىل نامىمۇ يېزىلغان. دېمەك، مۆجىزىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ يادنامىسى ھىجرى 1271ـ يىلى (مىلادى 1854ـ 1855ـ يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

قولىيازمىنىڭ ئىملاسىغا ئاساسەن، ئۇنى كېيىن كۆچۈرگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە خەتتات توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. قولىيازمىنىڭ باش بېتىگە "ئۇشبۇ تەۋارىخى مۇسىقىيۇن كىتابىنى پۈتتۈرگەن ئەلىشىر ھېكىم بېگىمگە يۈز رەھمەت، پۈتكۈچى موللا ئىسمەتۇللا مۆئجىزغە ئىلاھىم مىڭ رەھمەت قىلغاي، ماڭا بۇ رىسالەنى دۆۋەل ئەزىمشا بېگىم تەقدىم قىلدى، دەپ مۆھۈر باسقۇچى مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىدۇر، 1338 سنه" دېگەن سۆزلەرنى يېزىپ، مۇفتى مۇھەممەت ئىمىن ئىبنى باقىنىڭ سوقچاق مۆھرى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ قولىيازمىنىڭ ئەڭ كېيىن بولغان تەقدىردىمۇ ھىجرى 1338ـ يىلى (مىلادى 1919ـ 1920ـ يىلى)دىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

1

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ 19ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا كەلگەنلىكى تاسادىپى بىر ئىش ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى 18ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بۆلۈنمىچىلىكى ۋە ئاپپاقخوجا ئاۋلاتلىرىدىن بولغان چوڭ خوجا بۇرھانىدىن بىلەن كىچىك خوجا جاھان بۆلۈنمىچىلىكىنى باستۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بارلىققا كەلگەن نىسپى تىنچ شارائىتتا يەنە بىر قېتىم گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چىرىكلەشكەن چىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ پاجىئەلىك زۇلۇم ـ سەتەملىرىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىغا ماسلىشىپ راسا يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنى يەركەن خانلىقى(مىلادى 1514 ـ 1678 ـ يىللار) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپئاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ۋەيران بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتەك ئومۇمى ئىستەكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن باشلانغان بولسا، خەلقنى نادانلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتقۇزۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي زۇلۇم ۋە فېئودالLIق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى مىللىي دېموكراتىك ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەۋجىگە چىقتى.

بۇ دەۋر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچى، شائىرلار ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل ژانىر ۋە مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. موللا ئەلەم شەھيارى ۋە ئۇنىڭ مىلادى 1761 ـ يىلى يازغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق پوئېمىسى، لۈكچۈنلۈك شائىر ئەھمەت غۇجام نىياز ئوغلى(1827 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «رەۋزەتۇلزۆھرا» ناملىق شېئىرىي داستانى، مۇھەممەت سىدىق بەرشىدى ۋە ئۇنىڭ <سېدىقنامە> ناملىق ئەسىرى، شائىر موللا رېھىم ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلىرى، يەركەنلىك شائىر ئۆمەرباقى ۋە ئۇنىڭ 1792 ـ يىلى نەسرى ـ نەزمى شەكىلدە يېزىلغان «پەرھات ـ شېرىن ۋە لەيلى ـ مەجنۇن» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، قۇمۇللۇق شائىر زۇھۇرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان زۇھۇرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، موللا يۇنۇس ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1807 ـ يىلى يېزىلغان «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا» داستانى، موللا سىدىق ياركەندى ۋە ئۇنىڭ 1813 ـ يىلى ئەلىشىر

نەۋايىنىڭ «خەمسە»سىدىكى 5 داستان ئاساسىدا يېزىپ چىققان «نەسرى مۇھەممەت ھۆسەيىنبەگ» ناملىق توپلىمى، ئىمرى (1822 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «دىۋان ئىمرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، قەشقەرلىك نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى ۋە ئۇنىڭ «مەھزۇنۇلۋائىزىن» ناملىق ئېپىك داستانى، ئابدۇرېھىم نىزارى(1845 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ «پەرھات ـ شېرىن» ، «مەجنۇن ۋە لەيلى» ، «شاھ بەھرام ۋە دىلئارام» ، «ھامۇق ـ ئۇزرا» ، «چاھار دەرۋىش» ، «مەھزۇن ۋە گۈلنىسا» ، «شاھزادە مەسئۇد ۋە دىلئارا» ، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق 12 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇھەببەتنامە» ناملىق ئەسىرى، تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبى(1802 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان) ۋە ئۇنىڭ «كىتابى غېرىب» ناملىق داستانى، موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ(1824 ـ 1899 ـ يىللار) ۋە ئۇنىڭ 1851 ـ يىلى ئىشلەنگەن «غەزەلىيات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1875 ـ يىلى يېزىلغان «غازات دەر مۈلكى چىن» ناملىق داستانى، 1881 ـ يىلى يېزىلغان «چاڭموزا يۈسۈپخان» ناملىق داستانى، 1882 ـ يىلى يېزىلغان «نۇزۇگۇم» ناملىق قىسسىسى، موللا شاكىر ۋە ئۇنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق تارىخىي داستانى قاتارلىق يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مۇھىم نامايەندىلىرىدۇر.

بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇر مۇزىكا ـ ناخشىلىرى بويىچمۇ بىرمۇنچە جانلىنىشلار بولدى: مىلادى 1820 ـ 1828 ـ يىللاردا قەشقەر دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى نۇزۇگۇم ھەققىدە توقۇلغان «نۇزۇگۇم» قىسسىسى بىلەن «نۇزۇگۇم» ناخشىسى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالدى. خوتەن «قارىقاش ناخشىسى» ، قەشقەر «قىزىلگۈل ناخشىسى» ، تۇرپان «مايىمخان ناخشىسى» ، قۇمۇل «يارسەنەم ناخشىسى» ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئانارخان» ، «ئويناڭ تۆرەم» ، «بىۋاپا نادان يارىم» ، «خارابىڭ مەن» ، «دادەي» ، «سارىخان» ، «ئاللا يارىم» ، «هاي ـ هاي ئۆلەن» قاتارلىق ناخشىلىرىمۇ كەڭ تارقالدى؛ ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ، «كىتابۇلمۇسىقى» ، «كالامىفۇلمۇسىقى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن زاھىرىددىن

مۇھەببەت بابۇرنىڭ «ئەسرارى مۇسىقى» ناملىق كىتابى شۇ چاغدىكى ئۇستا خەتتاتلار تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈپ چىقىلدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى بويىچە كۆتۈرۈلگەن بۇ قېتىمقى تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەرلىك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلارمۇ بۇ سەپكە قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. بۇ يەردە 1811-يىلى زۇھۇرىدىن، ئىمىرى قاتارلىق شائىرلارنى ئوردىسىغا توپلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان لۇتفى ۋە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرلىرىدىن ھەم ئىران شائىرلىرىدىن ھاپىز شىرازى قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنە ئېلىپ «باياز» ناملىق بىر توپلام تۈزدۈرگەن قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر، 1813-يىلى موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسىرلەشتۈرۈپ چىقىشقا تەشەببۇسكار بولغان يەركەن ھاكىم بېگى مىرزا ھۇسەيىنبەگ، 1841-يىلى تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غېرىبىنىڭ«كىتابى غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىشقا تەشەببۇسكار بولغان قەشقەر ھاكىم بېگى زۇھۇرىددىن، 1839-يىلى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەتنامە» ناملىق داستانلار توپلىمىنى يېزىپ چىقىشقا تەشەببۇسكار بولغان تۇرپان ۋاڭى ئەپىردۇن ۋە مەزكۇر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» رىسالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەشەببۇسكار بولغان خوتەن ھاكىم بېگى مۇھەممەت ئەلىشىر بىننى ئابدۇمۆمىنبەگ (ئەلىشىر ھېكىم بەگ) لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قولىمىزدىكى <تەۋارىخى مۇسىقىيۇن> رىسالىسى ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ 18-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلىنىپ، 19-ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە چىققان تەرەققىيات دولقۇنىنىڭ سەمەرىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن»نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرغىچە مۇشۇ ئەسەردىكى بايانلاردىن باشقا مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، مۇشۇ ئەسەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ مۆجىزى ئوبرازىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

مۆجىزى ئۆز رىسالىسىنىڭ كىرىش قىسمىدا مەزكۇر رىسالىنى يېزىش ئۈچۈن «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا» ۋە «تەۋارىخى ئەجەم» قاتارلىق پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن ۋە «تەۋارىخى تەبىرى»، «تەۋارىخى ھۆكەما»، «تەۋارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئەرەبچە يېزىلغان ئەسەرلەردىن پايدىلانغانلىقىنى، فارابىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بىز بۇ بايانلاردىن ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن مەلۇماتلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مۆجىزى ئۆز ئەسىرىنىڭ كۆپ جايلىرىدا ئەلىشىر نەۋايىنى "پىرىم"، "ئۇستازىم" دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇنىڭ «كۇللىيات»، «چاھار دىۋان»، «خەمسە»لىرىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ يازغان 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم، دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە لۇتفى، ئابدۇراخمان جامى، مۇھەممەت كۇشتىگىرلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئالىجاناپلىقىغا نەۋايىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى پاكىت قىلىدۇ. مانا بۇلاردىن مۆجىزىنىڭ نەۋايىغا چەكسىز ئىخلاس قويغانلىقىنى، نەۋايىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى بىلەن ئالىيجاناب پەزىلىتىگە قايىل ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۆجىزى فىساغۇرس (پىپاگور) ئۇستىدە توختالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئاغزىدىن "ئۆزۈڭنى تۈزلىمەي تۇرۇپ كىشىگە نەسىھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى ساڭا كۆرسەتكەن كىشىنى دوست بىلىپ ئەزىز تۇت؛ چىرايلىق لىباس كىيىپ يۈرگۈچە چىرايلىق سۆز قىلىپ يۈرۈشنى ئۆرگەنگىل؛ ياخشى سۆزنى ئەيتۇرغە قۇدرەتىڭ بولماسا، ياخشى سۆزنى ئېيتقۇچىدىن ئۆرگەنگىل؛ ئىلىم ئۆرگەنىشدىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كەلتۈرىدۇ. فارابى ئۇستىدە توختالغىنىدا بولسا، ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭ " يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان فەيزنى مېنىڭ قانۇنۇمنىڭ (قالۇنۇمنىڭ) سىملىرىدىن ئاڭلىغايسىزلەر" دېگەن سۆزنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەمەلىيەتتە مۆجىزىنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنى ئەينى زاماندىكى نادانلىق، تەركى دۇنيالىق ۋە قۇللۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچى جاھىل كۈچلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان ئوق، خەلق ئاممىسىغا بېرىلگەن سەمىمي مەسلىھەت سۈپىتىدە قوللانغان.

مۆجىزىنىڭ فېئوداللىق- دىنىي چەكلىمىلەر بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىكنىڭ چەكلىمىلىرى تۈپەيلى تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىرە ئامانىنساخان نەفىسىنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، زور ھۆرمەت بىلەن خالايىققا تونۇشتۇرۇشىمۇ ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا پۈتۈنلەي مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاللاغا مۇناجەت قىلىپ "ئاسى قۇلۇڭدۇرمەن فەقىر، جافى قۇلۇڭدۇرمەن ھەقىر، غەم ئىلكىدە بولدۇم ئەسىر، سەنسەن ماڭا فەريادىرۇس" دېگەن مىسرالارنى يازىدۇ ۋە ئۆز ئەسىرىنى "تۈگەت سۆزنى مۆجىز غېرىب بىناۋا، ئۇلۇغ يولغە كىرگىل بولۇپ ناسۋا" دېگان بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىز بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»> رىسالىسىنى يازغانلىقىنىڭ

فېئوداللىق دىنىي پرىنسىپلارغا بولۇپمۇ تەرىقەتچىلىك پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلىپ تۇرغانلىقىنى ۋە شۇ چاغلاردا يەنىلا خېلى سالماقنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئۆز ھەرىكىتىنى مۇشۇ يول بىلەن ئاز-تولا نىقابلىغانلىقىنى كۆرىمىز.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ تەشەببۇسچىسى ئەلىشىر ھېكىم بەگ مۆجىزىنى "سەنئىتىم كەسىپىڭ ھەم مۇسىقىدۇر ھەم ئەبيات مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلۋار سۇلتانى، ئەدەبىيات مۈلكىنىڭ تۇتى شېرىن لىسانىدۇرسەن ھەم خۇش پۈتكۈچى ھەم دىلكەش ئېيتقۇچى سەندۇرسەن" دەپ تەرىپلەيدۇ. گەرچە بۇ سۆزلەر ئىنتايىن مۇبالىغىچىلىك بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، ھەرھالدا مۆجىزىنىڭ شۇ دەۋردە داڭلىق كەسپىي مۇزىكانت ھەم نۇرغۇن ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان مەشھۇر شائىر بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلالمىگەن ياكى تېخى قولىمىزغا چۈشمىگەن.



مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرى ئىچىدە ئۇنىڭ قىدىرخان يەركەندى بىلەن ئامانىنساخان نەفسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۇ شەخسلەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۆجىزى قىدىرخان يەركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى، راۋاب بىلەن خۇشتارنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجات قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن مېغىزلىق ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋانى

قىدىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى چىقارغانلىقىنى، يەركەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارازىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىسلامبۇل (ئىستانبۇل)، كەشمىر، بەلىخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ، ئۇلارغا مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. لۇتفى ئۇستىدە توختالغىنىدا: «ئۇ ئالىملىقتا ھەزرەتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھەكىملىقدا ھەزەتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرەتى ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايىدەك، مۇغەنىلىقدا تېخى قىدىرخاندەك ئىردىلەر» دەپ قىدىرخاننى شۇ زاماننىڭ ئەڭ كاتتا ئالىملىرى قاتارىغا قويىدۇ. بىز مۆجىزنىڭ بۇ بايانلىرىدىن 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئۇيغۇر ئالىمى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. بۇ يەنە يەركەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەركەن شەھىرىنىڭ شۇ دەۋرلەردە پۈتۈن شەرق ئەللىرىنىڭ بىر مۇزىكا ئۆگىنىش يۇرتى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مۆجىزنىڭ فېئوداللىق دىنىي چەكلىمىلەر تۇيەيلى نەچچە ئەسىر كۆمۈلۈپ قالغان شائىرە، مۇزىكا ئالىمى ئامانىساخان نەفىسنى يورۇق دۇنياغا چىقارغانلىقى ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان يەنە بىر زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرمۇنچە پاكىتلار مۆجىزنىڭ ئامانىساخان نەفىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىرىنچىدىن، 1956 ـ 1959 ـ يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى ۋە تارىخنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر،يەركەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئامانىسا بېگىم ناملىق بىر شائىرە توغرىسىدا بەزى ھىكايە ـ رىۋايەتلەرنى توپلىغان ئىدى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئامانىسا بېگىمنىڭ يەركەن خانلىقى زامانىدا ئۆتكەن قىدىرخان يەركەندىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا ياتلىق قىلىنغانلىقى، نۇرغۇن شېئىر ـ داستانلارنى يازغانلىقى، «ئىشرەت

ئەنگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجات قىلغانلىقى، كېيىن تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقى، ئارىدىن يۈز يىل ئۆتۈپ ئاپئاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە تارقالغان بارلىق شېئىر ـ غەزەللىرى كۆيدۈرۈلۈپ، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئېيتىشمۇ چەكلەنگەنلىكى، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سىلاتىننامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. دېمەك،مۆجىزىنىڭ ئامانىساخان ھەققىدىكى بايانى ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. بىراق، مۆجىزىنىڭ بايانىدا ئامانىساخان قىدىرخان يەركەندىنىڭ قىزى ئەمەس، بەلكى تارىم بويىدىكى ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مەخمۇت جۇراس ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى» ناملىق ئەسىرىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان «ھەر كارۇدىيارىدا بەمەسەلمانىدا ئىدى يەنى ھەم تېڭى يوق ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا ماھىر ئىدى، بەلكى مۇسەننىف ئىدى، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر ساز پەيدا قىلىپ ئىدى» دەپ يازىدۇ. 19 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا موسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە «ئابدۇرېشىتخان... موللا فازىل شائىر، فارسى ۋە تۈركى نەزمىنى ياخشى ئەيتۇر ئىدى، ئىلمى مۇسىقىدا گوياكى فىساغۇرۇس سانى ئىدىلەر، ئىشرەت ئەنگىز دەپ بىر مۇقام ئىخترا قىلدى» دەپ يازىدۇ. بۇ بايانلار، بىر تەرەپتىن، سەنئەتپەرۋەر ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئامانىساخاننى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭ چالغان تەمبۇرىنى ۋە ئېيتقان غەزىلىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانلىقىنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامانىساخان ئىجات قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز » مۇقامىنى ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان ئىشىنىڭمۇ ھەقىقەتەن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىساخان نەفىسى تەكلىماكان بويىدىكى كەمبەغەل ئوتۇنچى مەخمۇتنىڭ قىزى بولۇپ، 13 ياش چېغىدىلا ئۇستا مۇزىكانت، شائىرە ۋە خەتتات بولۇپ يېتىلگەن. پۇقراچە ياسىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ چېلىپ بەرگەن تەمبۇرىنى ۋە ئابدۇرېشىتخانغا بېغىشلانغان بىر غەزىلىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ خەتلەرنى شۇنچىلىك كىچىك بىر قىزنىڭ يازغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭدىن بۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە خەت يېزىپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئامانىساخان دەرھال: «يارەپ بۇ بەندە ئەجەب قىلدى سۇئىزەن ماڭا، گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا»( خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى، گويا بۇ ئۆيدە بۇگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۇندى ) دېگەن ھازىر جاۋاب بېيىتنى يېزىپ ئابدۇرېشىتخاننى مات قىلىدۇ.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، شۇ كېچىسىلا ئەلچى ئەۋەتىپ قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئامانىساخان خەلق ئانىسى، خەلق نەغمىچىلىرىدىن ئىبارەت ناخشا-مۇزىكا بۇلىغىدىن بىۋاسىتە ئوزۇقلىنىپ يېتىلگەن تالانتلىق مۇزىكانتتۇر. 13 ياشلىق بىر يېزا قىزىنىڭ مۇزىكىدا شۇنچىلىك كامالەتكە يېتىشى ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ شۇ دەۋردىلا يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئامانىساخان نەفىسنىڭ ئابدۇرېشىتخان سارىيىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان داڭلىق مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان يەركەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەنلىكى، قىدىرخان يەركەندى بىلەن

بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى رەتلەش ۋە كېڭەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىگەنلىكى شۈبھىسىز. ئامانىنساخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتە ئۇنىڭ قىدىرخان يەركەندىنىڭ قىزى دەپ ھېكايە قىلىنىشى تاسادىپى ئىش ئەمەس. مۇنداق رىۋايەتنىڭ تارقىلىشىدا، بىر تەرەپتىن، ئامانىنساخانىنڭمۇ خۇددى قىدىرخان يەركەندىدەكلا ئۇستا مۇزىكانت بولۇپ يېتىلگەنلىكى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ قىدىرخان بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرى سەۋەب بولغان.

لېكىن ئامانىنساخان نەفىسىنىڭ مۇزىكا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى جەمئىيەتتىكى ھەتتا ئابدۇرېشتخان ئوردىسىدىكى مۇتەئەسسىپ جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتمۇ ـ قات توسقۇنلۇقلىرىغا دۇچ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مەرىپەتۋەرلىگى بىلەن شۆھرەت قازانغان ھەم ئامانىنساخانى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان ئابدۇرېشتخانىنىڭ ئامانىنساخان ئىجات قىلغان «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ئامانىنساخان نامىدا تارقىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلۋالغانلىغىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتلار ئامانىنساخانىنىڭ قانچىلىك توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى نۇرغۇن پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنمىگەن. تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، جەمئىيەتكە تارقالغان ئەسەرلىرىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە جاھىل كۈچلەرنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. مۆجىزىنىڭ بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرى شۇ بۇزغۇنچىلىقلاردىن ئامان قالغان، ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى ئاساس قىلغان. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

«تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دىكى بەزى ماتېرىياللار ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى ئوقۇغاندا مۆجىزىنىڭ «مۇقام» سۆزى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغايدۇ.

مۆجىزى ئۆز ئەسىرىدە "دۇگاھ"، "پەنجىگاھ"، "مۇشاۋىرەك"، "بەيادەك"،"راك"،" ئوشاق"، "ئۆزھال"، "چۆل ئىراق"، "ئەجەم"، "ناۋا"، "ۋىسال"، "چاھار زەرب"، "چاھارگاھ"، «سىگاھ»، «بايات»، «ئىشرەت ئەنگىز»دىن ئىبارەت 16 مۇقامنى تىلغا ئالىدۇ. لېكىن ئۇ ھازىرقى«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ناملىرىنى ئاساسەن ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ناملارنى يۇرۇشلەشتۈرگەن،«چوڭ نەغمە»، «داستان» ۋە «مەشرەپ»تىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ھەربىر قىسمى بىرقانچىلىغان نەغمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئېشىپ كەتسە بىرنەچچە مەرغۇلى بولغان بىر يەككە نەغمە مەنىسىدە تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇ فارابى ئۈستىدە توختالغىنىدا ئۇنىڭ «ئوشاق» ۋە «راك»نىڭ مەرغۇلىنى ئىجات قىلغانلىقىنى، «ئۆزھال» مۇقامىنى بىرىنچى، ئىككىنچى،ئۈچىنچى مەرغلىغىچە ئىجات قىلغانلىقىنى يازىدۇ؛ مۇھەممەت كۈچتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «چارىگاھ» مۇقامىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا مەۋلانە تۇتىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، «دۇگاھ»مۇقامىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا مىرخىسروۋ دېھلىۋىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى، «پەنجىگاھ» مۇقامىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا مەۋلانە كاتىبىنىڭ بىر غەزىلىنى سالغانلىقىنى يازىدۇ. مەلىكە ئامانىساخان ھەققىدە توختالغىنىدىمۇ، ئۇنىڭ يولۇچى سۈپىتىدە ئۆيىگە كىرگەن سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا پەنجىگاھ مۇقامىغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ، بۇ مۇقامغا ئۆزىنىڭ ئابدۇرېشىتخانغا بېغىشلاپ يازغان بىر غەزىلىنى سېلىپ ئوقۇغانلىقىنى يازىدۇ. مانا بۇ مىساللاردىن گەپنىڭ بىر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن نەغمىلەر سىستېمىسى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئايرىم بىر نەغمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

مۆجىزى «مۇقام» دەپ ئاتىۋاتقان بۇ يەككە نەغمىنى ھازىرقى يۈرۈشلەشتۈرگەن مۇقاملاردا

باشلىنىش مۇزىكىسى دېيىلىدىغان چاچما ئۇدارلىق(داپ چېلىنمايدىغان) نەغمە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، «مۇقام» سۆزى ھازىرمۇ ئەل ئىچىدە چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى مەنىسىدە قىللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قۇمۇل مەشرەپلىرىنىڭ يالغۇز غېجەك بىلەن ئورۇنلىنىدىغان چاچما ئۇدارلىق باشلىنىش مۇزىكىسى ئادەتتە «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ؛ دولان مۇقاملىرىدىمۇ باشلىنىش مۇزىكىسى «مۇقام» دەپلا ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مۆجىزى «مۇقام» سۆزىنى ھامان «ناخشا»، «ئاھاڭ» سۆزلىرى بىلەن قاتار قويىدۇ، مەسىلەن، مۇھەممەت كۈچتىنگىر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنىڭ «بىھەد ۋە بىئەدەد غەزەل، مۇقاملار، ئاھاڭلار ئىجات قىلغان»لىقىنى يازىدۇ.

مانا بۇنىڭدىن ئۇنىڭ «مۇقام» سۆزىنى باشقا نەغمىلەردىن پەرقلىق بولغان بىر نەغمە مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۈچىنچىدىن، مۆجىزى «مۇقام» ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە ھامان ئۇنىڭغا قايسى شائىرنىڭ قايسى غەزىلى سېلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، مۇقامنىڭ سۈپىتىنى ئۇنىڭغا سېلىنغان غەزەلنىڭ سۈپىتى بىلەن ئۆلچەيدۇ. تېكىستنىڭ رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان بۇ خىل ئەھۋال تولاراق چاچما ئۇدارلىق نەغمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى بۇ خىل نەغمىلەر ئادەتتە ساتار، غېجەك ياكى تەمبۇر قاتارلىق ئاساسي ساز بىلەن يالغۇز كىشى تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغانلىقى، چاچما ئۇدارلىق بولغانلىقى ھەم تاللانغان غەزەللەر سېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ دىققىتى مۇزىكىدىن كۆرە كۆپرەك تېكىستكە مەركەزلىشىدۇ.

مۆجىزى تونۇشتۇرغان 17 نەپەر مۇزىكا پىرىدىن 14 نەپىرىنى 15 ـ 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان 16 مۇقامدىن 13 ئى مۇشۇ شائىرلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. مۆجىزى يەنە نەۋايىنىڭ ھەر كېچىسى ساتار ياكى تەمبۇر بىلەن ئۆزى يازغان غەزەللەرنى ئوقۇپ بىھوش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يازغان.

يوقۇرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: بىرىنچىدىن، «تەۋارىخى مۇسىقيۇن»دا «مۇقام» دەپ ئاتالغان بۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەر شۇ دەۋردە شائىرلار دائىرىسىدىلا ئەۋج ئالغان بولۇپ، تېخى خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى مۇزىكا بايلىقىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە تاللىنىپ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈۋاتقان چوڭ نەغمىلەر تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن؛ ئىككىنچى، ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمىلەر ھە دېگەندىلا ھازىرقى نامى بىلەن ئاتالمىغان، ئۇلار ھازىرقى نامغا شۇ نامدىكى چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن ئېرىشكەن، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، "مۇقام" ئاتالغۇسى 15 ـ 16 ـ ئەسىرلەردە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەلۇم دەۋر ئىچىدە پەقەت تار مەنىدىلا قوللىنىلىپ، چاچما ئۇدارلىق نەغمە ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە شۇ چاچما ئۇدارلىق نەغمىلەرنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمىلەرگە باشلىنىش مۇزىكىسى قىلىپ كىرگۈزۈلۈشى بىلەن كەڭ مەنىدە ـ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمە مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان؛ ئۈچىنچى، «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى چوڭ نەغمىلەر ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلار ئاساسەن خەلق ئىجادىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، لېكىن ئۇلارغا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىمۇ سىڭگەن.



بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئاساسىي جەھەتتىن 14 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يېزىق تىلى ـ چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن، زور دەرىجىدە شۇ دەۋردىكى جانلىق

ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇلغان، بەزى قىسىملىرى، مەسىلەن ئاماننىساخان قىسمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دېگۈدەك يېزىلغان؛ قولىيازمىنىڭ ئىملاسىدا چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىلىرىدىن چەتنەپ جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇلغان جايلار تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، چاغاتاي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە "چاليپ"، "باريپ"، "بولغانيني"، "چالماقيدين"، "قيلماغايسيزلار"، "ئالالماغان" شەكلىدە ئاجىزلاشتۇرۇلماي يېزىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بەزى جايلاردا "چيليپ"، "بيريپ"، "بولغينني"، "چالميقيدين"، "قيلميغايسيزلار"، "ئالالميغان" ؛ "ناموس"، "شاگرد"، "ئەمر" شەكلىدە يېزىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەر بەسىدە جانلىق تىلدىكى تەلەپپۇزى بويىچە "نوموس"، "شاگرت"، "ئەمرى" قىلىپ يېزىلغان. چاغاتاي يېزىغىنىڭ ئىملا قائىدىسىگە توغرا كېلمەيدىغان بۇ خىل ئەھۋاللار قولىيازما كېيىن كۆچۈرۈلگەندە يۈز بەرگەن بۆلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. مەيلى قانداق بولمىسۇن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ چاغاتاي تىلى دەۋرىنى بولۇپمۇ چاغاتاي تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلغا ئورۇن بېرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.



«تەۋارىخى مۇسقىيۇن» رىسالىسى بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزنى، بولۇپمۇ مۇزىكا تارىخىمىز بىلەن ئەدەبىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى خېلى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان ياخشى ئەسەر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرمۇنچە ئېغىر نۇقسانلاردىنمۇ خالى ئەمەس. مۆجىزى پەقەت كۆپرەك شائىرلار ۋە زىيالىيلار دائىرىسىدە ئەۋج ئالغان چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىلا (تار مەنىدىكى "مۇقامئىلارنىلا) مۇزىكا ھېسابلاپ، خەلق مۇزىكىلىرىغا بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئىچىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىجات قىلىنىپ، رەتلىنىپ، يۇرۇشلەشتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان چوڭ

نەغمىلەرگە (كەڭ مەنىدىكى "مۇقامئلارغا) پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىغان، شۇڭا پەقەت شۇ چاچما ئۇدارلىق يەككە نەغمىلەرنىڭ ئېجاتچىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا بولۇپ، خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن چوڭ نەغمىلەرنىڭ ئاساسىي ئىجاتچىسى بولغان خەلق ئاممىسىنى، خەلق مۇزىكىچىلىرىنى نەزەرگە ئالمىغان؛ بىرمۇنچە جايلاردا ئاساسسىز ھەتتا ئەپسانىلەشتۈرۈلگەن رىۋايەتلەرنى ھېقىقى پاكىت سۈپىتىدە ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن، مەسىلەن، نەينىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى جەمشىتنىڭ خوتۇنى مەلىكە دىلسۇزغا، داپنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى دىۋىلەرگە باغلاپ قويغان؛ مەۋلانە ساھىب بەلخىنىڭ تەمبۈر چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەۋلانە ساھىب بەلخى بابۇرشاھنىڭ كابۇل شەھىرىدىكى بىر باغدا ئۆتكۈزگەن شاھانە ئولتۇرۇشىدا تەمبۈر چالغاندا بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۈرنىڭ قۇلىغىغا قونغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى بىرنەچچە قېتىم تەمبۇرغا ئۇرۇپ ئۆلگەنلىكىنى، بۇ ھالنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھۇشسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى يازغان؛ كۆپچىلىك ئىسلام تارىخچىلىرىغا ئوخشاش، مۆجىزىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى نوھ ۋە ئۇنىڭ ھام، سام، يافەس ناملىق ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى يەھۇدى-خىرىستىيان دىنى رىۋايەتلىرىگە تاقاپ، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنىمۇ شۇلار بىلەن باغلىغان؛ بەزى يەر ئىسمى ۋە يىلنامىلەرنى خاتا قىلىپ قويغان، ۋەھاكازا.

بىز «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» رىسالىسىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىمىز، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىزنىڭ بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى مۇلاھىزىمىز، قولىيازمىنىڭ تىرانسكىرىپسىيىسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھلاردا كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەنقىدىي پىكىرلىرىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز.

ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر.

# تەرجىمە نۇسخىسى

مەرھەمەتلىك ۋە رەھمەتلىك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئەي [خۇدا]، (بۇ يەردىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى تىرناق [ ] ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەرنى مۇشۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار قوشقان. -مەھەررىردىن.) ھېكمەت كۆرستىپ گۈلگە پۇراق ۋە رەڭ بەردىڭ، بۇلبۇلنى چىمەندە يېقىملىق سايرايدىغان قىلدىڭ.

سېنىڭ قۇدرىتىڭدىن راۋاب، تەمبۇر، دۇتار، سەتتار، ئۇد، قالۇن ۋە چاڭلار نالە قىلىدۇ.

خۇدا،(قىزىل ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلى ئەسەردىمۇ قىزىل سىيا بىلەن يېزىلغان.) شەۋقىڭنىڭ چىمەنزارىدا گۈل-چېچەكلەرنى كۈلدۈرگۈچىسەن؛گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل، تۇتىلارنى سايراتقۇچى، يىغلاتقۇچىسەن. لەيلىنىڭ چېچىنى مەجنۇننىڭ كۆڭلىگە سىرتماق قىلغاندەك، پەرھاتنىڭ قېنىنىدىن شېرىنىنىڭ لېۋىنى قىزارتقاندەك، ئۇزرا جامالىنىڭ ئوتى ھارارىتىدىن ھامۇقنىڭ تېنىنى ياش گىردابىغا غەرق قىلغاندەك، زۆھرانىڭ ئىشقىدا تاھىرنى ساندۇققا سېلىپ تارىمدا ئېقىتقاندەك، يۈسۈپ ھۆسنىدىن، زۇلەيخا ئىشقىدىن گۈزەل ھېكايە تۈزگەندەك مېنى ئۇ نىگار ئىشقىدا ئەسىر ۋە سەرگەردان قىل؛ ئۇ قۇياش ئەتراپىدا مەندەك بىر زەررىنى تاقەتسىز ئاشىق قىل؛ مەن شۇنداق دەرىجىگە يېتەيكى، ئۇنىڭ ئىشقىدا تەمبۇرۇمنى قولغا ئالاي؛ ئۇنىڭ سۆزىنى سېغىنغاندا ئۇنى چالاي؛ گاھى نەۋايى بېيىتلىرىدىن ھەمد [ئاللاغا مەدھىيە] ئىلغاپ، بەزەن لۇتفى شېئىرلىرىدىن نەئىت[رەسۇللۇللا تەرىپلەنگەن مىسرالار] يادلاپ، تەمبۇرۇم سىملىرىغا زەخمەك ئۇراي؛ ئۇ مېھىر نىگارىم شەۋقىدە باغرىمنىڭ قارا قېنىنى سىيا قىلىپ ئېزەي؛

ئۇنىڭ ئىشقىدا چۆل-باياۋاننى كېزەي؛ سېنى مەدھىيىلەپ بېيىتلەر يازاي؛ ھەببىبىگنى تەرىپلەپ شېئىر يازاي.

مۇناجات

ئەي خۇدا، سەن مېنىڭ مەقسىتىم سەن،

مېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغىنىم سەن،

مېنىڭ سەجدە قىلىدىغىنىم سەن،

سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن سېنىڭ ئاسى قولۇڭمەن،

مەن سېنىڭ گۇناھكار قولۇڭمەن،

مەن غەم ئىلىكىدە ئەسىر بولۇپ قالدىم،

سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئەي قەدىمدىن رىسىق بەرگۈچى،

كېچىرگۈچىسەن، ئەي رەھىم،

مېنى ھاجەتتىن چىقارغىن، ئەي كەرىم،

سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

ئىشقىگنى دىلىمغا كىرگۈزگىن،

مەن سەتار بىلەن دۇتارنى چالاي،

مەندە خاتالىق بار، ئەپۇ قىلغىن،

سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

مەن مۆجىزى تاقەتسىز ئاشىق بولدۇم،

سەن بىر ئاللاغا يالۋۇردۇم

رەھمىڭگە ئىنتىزار بولدۇم،

سەن مېنىڭ مەدەتكارىمسەن.

[ئايەتنىڭ مەنىسى]:

«ماختاش پۈتۈن ئالەمنى تەربىيىلىگۈچى تەڭرىگە خاستۇر، رەھمەت ۋە تىنچلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ غوجىسى [مۇھەممەت]گە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئەت ۋە ھەمرالىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن! ھەمد ۋە نەئىتتىن كېيىنكى سۆز شۇكى، ئادالەت مەملىكىتىنىڭ ئەڭ كاتتا پادىشاھى، سەخىلىك كېچىسىنىڭ تولۇن ئېيى، ئېسىللىق چىمەنزارىنىڭ گۈزەل سەرۋى، ئۇلۇغلۇق دېڭىزىنىڭ بىردىن-بىر گۆھىرى، غېرىپ-يېتىملەرنىڭ ئاتىسى، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ يېتاكچىسى، جەمشىتتەك سۆلەتلىك، سۇلايماندەك دۆلەتلىك، يولۋاستەك غەزەپلىك، ئىسكەندەردەك مەرتىۋىلىك، خاقان سۈپەت، دەرۋىش مىجەز، ۋەتەنىنىڭ چىرىغى، خوتەنىنىڭ شاھى ئەلىشىر ھېكىم بېگىم ھەزرەتلىرى قۇياشىدىن مەندەك بىر ئەرزىمەس غېرىپ-بىچارە، جۇدالىق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلىكىدە ئەسىر، بارچە ئادەمدىن تۆۋەن [كىشىگە] يەنى موللا نېمەتۇللا ئوغلى موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىگە بىر يورۇق نۇر چۈشۈپ، مەندەك بىر زەررىنى پەلەك قۇياشىدىن ئۆتكۈزۈپ شۇنداق يارلىق بولدى: "مۇزىكا-كۈي خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھوزۇرىنىڭ سەۋەپچىسىدۇر، شۇڭا پادىشاھتىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خرىستىئانغىچە ھەممە ئىنسانە بۇ پەندىن شاتلىنىدۇ، ئەمما، بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر ؟ بۇنى كۆپ سازاندىلەر تا ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەسىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شېرىن سۆزلۈك تۇتىسىدۇرسەن، شۇنىڭدەك خۇش پۈتۈكچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىدۇرسەن. مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى

تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈپ باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق؟" [بۇنىڭ بىلەن] گويا بىر غېرىب چۆمۈلە ئۈستىگە تاغ يۈكلەندى، گويا بىر زەيىپ بىچارە ئۈستىگە ئاسمان يىقىلدى. بۇ بۈيۈك ئەمرنى ئىجرا قىلغۇدەك قۇۋۋەت [مەندە] يوق ئىدى! ھەيرەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ[تۇرغىنىمدا]، "دېگىنكى، ئاللاغا، ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۆزەڭلەردىن بولغان باشلىقلارغا بوي سۇنۇڭلار" دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئېسىمگە كەلدى-دە بۇ ۋاجىپ ئەمرنى ئىجراسىز قالدۇرۇشقا چارە تاپالمىدىم. تەۋەككۈلنى تەگرىمگە قىلىپ، بۇ ئالىي ئەمرنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ تارىخ-تەزكىرىلەرنى يېغىپ، «تەۋارىخى تەبىرى»[تەبىرى تارىخى]، «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»[ ساپالىق باغ تارىخى]، «تەۋارىخى ھۆكۈما»[دانىشمەنلەر تارىخى]، «تەۋارىخى ئەجەم» [ئەجەم تارىخى]، «تەۋارىخى ئەرەب»[ ئەرەب تارىخى] لەردىن [ئاساس] ئاللىدىم ۋە زور ئالىم، مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن فىساغۇرس، فارابى، پەھلىۋان مۇھەممەت كۈچتىنگىر، ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى پىرىمنىڭ بۇ پەن ھەققىدە يازغان كىتاب ۋە رىسالىلىرىدىن پايدىلاندىم. ئاخىر قۇدرىتىمگە لايىق، قابىلىيىتىمگە مۇۋاپىق بۇ رىسالىنى يېزىپ، ئالەم خەلقىگە سوغا قىلدىم. بۇ رىسالىگە <تەۋارىخى مۇسقىيۇن> [مۇزىكانتلار تارىخى] دەپ ئات قويدۇم.

ئەقىل ئىگىلىرىگە، چوڭ-كىچىك سازەندىلەرگە، مەرتىۋىلىك ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگە، شاھ ۋە گادايلارغا نامەلۇم قالمىسۇنكى، تارىخى رەۋزەتۇسسەفا ۋە تارىخى رەشىدىدە مۇنداق يېزىلغان. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسنىڭ تۈرك ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى، خۇدايىتائاللا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى خىزىر قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا تۈلكە تۇتۇپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كېيىشنى، غىزاغا تۇز سېلىپ يېيىشنى، تەمبۇر، بەربەت، ئۇدلارنى ياساپ چېلىشنى كەشىپ قىلىپ ئالەم خەلقىگە ئۆگەتتى. ئۇ زاماندا ئاتا-ئانىسى، بالىلىرى ئۆلگەن كىشىلەر مۇسىبەت ماتەمدە تەمبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئاندىن ئۆلۈكنى كۆيدۈرىدىغان قائىدە بار ئىدى. خىزىر يافەس ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىدى. يەركەن، خوتەن رايونلىرىنى شۇ خىزىرنىڭ

ئەۋلادلىرى ئاۋات قىلغان. دېمەك بىز يەركەنلىك ۋە خوتەنلىكلەر خىزىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىمىز. ئۇ زاماندىن ھازىرغىچە 5850 يىل ئۆتكەن. ئۇ چاغلاردا تەمبۇرغا قوي-ئۆچكىنىڭ ئۈچەي-پەيلىرىدىن تار ئېشىپ سالاتتى.

مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئىككىنچى پىرى فىساغۇرس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشى سۇررى(ھازىرقى لىۋاننىڭ پايتەختى بېيرۇت شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى. تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 2751-يىلى بىنا قىلىنغان دېيىلىدۇ. بۇ شەھەر مىلادى 1202-يىلى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان.«تەۋارىخى مۇسقىيۇن» دا فىساغۇرس سۇررى شەھىرىدىن ئىدى، دەپ يېزىلغان. لېكىن ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، فىساغۇرس قەدىمكى يۇناننىڭ سېسىم شەھىرىدە- ئاناتولى يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە گىرىتسىيىگە قارايدىغان بىر ئارالدا دۇنياغا كەلگەن.) شەھىرىدىن ئىدى. ئۇ ساياھەتچىلىكنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ خەلقنى ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ياخشى پەزىلەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان كىشى ئىدى. ھەرگىز ساۋاپ تاما قىلمايتتى ۋە گۇنادىنمۇ قورقمايتتى. بىراق ساۋاپ-جازاغا قايىل ئىدى. شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ ئىلىم ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ خۇشال بولغىنىنىمۇ، خاپا بولغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ، مال-دۇنيا كىشى ئۈچۈن دوست-دۈشمەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان نەرسە دەيتتى . ھەرقاچان، ھەرجايدا بولسۇن، ئۇ بار يەردە كىشىلەر بىر مۇھىم ئىشقا دۇچ كەلسە، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتى. ھازىرقى پەرەڭگىستان ئۇ چاغدا ئەنتاكىيە (بۇ يەردە پەرەڭگىستاننىڭ بۇرۇنقى نامى ئەنتاكىيە دەپ ئاتىلاتتى دېيىلگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە پەرەڭگىستان بىلەن ئەنتاكىيە تارىختا باشقا-باشقا جايلارنىڭ نامى. "پەرەڭگىستانئىدېگان سۆز ئەسلىدە "ئېۋرۇپپەنئىلىق؛ياۋروپالىقلار> سۆزىنىڭ ئەرەبچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان "ئېفرەنج" سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپتە ئەرەبلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان شەرقىي ياۋروپا ۋە جەنۇبىي ياۋروپا زېمىنىنى كۆرستىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. "ئەنتاكىيە"

بولسا، هازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.) شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ شۇ يەرگە بېرىپ ئۆزى كەشىپ قىلغان ساتارنى چېلىپ شېئىر ئوقۇدى. بۇ شېئىر "سەن ئۆزۈڭنى تۈزىمەي تۇرۇپ باشقىلارغا نەسىھەت قىلما؛ ئەيىبىڭنى كۆرستىپ بەرگەن كىشىنى دوست بىلىپ قەدىرلە؛ ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىچە، ئېسىل سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشنى ئۆگەن؛ ياخشى سۆزلەرنى قىلالمساڭ، ياخشى سۆزلەرنى قىلالايدىغان ئادەملەردىن ئۆگەن؛ ئىلىم ئوگۇنۇشتىن نومۇس قىلما، ئىلىمسىزلىكتىن نومۇس قىل؛ هايۋان تىلسىزلىقتىن جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرايدۇ، ئىنسان ئۆز تىلىدىن بالا-مۇسىبەتكە ئۇچرايدۇئىدېگەن مەزمۇندا ئىدى. ئەنتاكىيە شەھىرىدە شۇ چاغقىچە شېئىر، مۇزىكا بولۇپ باقمىغان ئىدى. كىشىلەر 25 ياشلىق بىر يىگىتنىڭ غارايىپ سۆزلەرنى قىلىپ، ئاجايىپ نەرسىنى چالغىنىدىن هۇزۇرلىنىپ ئۇنىڭ كەينگە كىرىۋالدى، ئۇ كىشىلەرگە چوڭقۇر مەنىلىك ۋە نەسىھەت خارەكتىرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىرلارنى سەتار بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى. بۇ ۋەقە پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىللە چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قاتتىق هەيران بولدى (هەيرەت قولىنى تەەجۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلىدى )، ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى. شاھ غىزادىمۇ، يېتىش-قوپۇشتىمۇ ئۇنىڭدىن ئاجرىمايدىغان بولدى، ئۇنى پەرزەندىم دەپ ئاتىدى. مۇزىكا ئىلمىنى تارقىتىش ئۈچۈن جاي راسلاپ، ئەنتاكىيە خەلقىگە بۇ ئىلمىنى ئۆگىنىش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇ ئون يىل ئىچىدە 40 مىڭ شاگىرت مۇزىكا ئىلمىدە يېتىشىپ چىقتى. فىساغۇرس پادىشاھدىن رۇخسەت سوراپ هىندىستانغا كېلىپ ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)ئۆگەندى، هىندىستان خەلقى فىساغۇرستىن مۇزىكا ئۆگەندى، جەمشىت، كەيكۇبات پادىشاھلاردىن كېيىن ئالەمگە مۇزىكىنىڭ ئۇرۇغىنى سالغان دانا ئالىم فىساغۇرس بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇ هىندىستاندىن يېنىپ مىسىرغا بېرىپ سېھىرگەرلەردىن سېھىر ئىلمى بىلەن 3 خىل يېزىق ئۆگەندى. ئۆتكۈنچى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك دۇنياغا سەپەر قىلىش ۋاقتىدا، 500 شاگىرتى بار ئىدى. پېشقەدەم تالىپلىرىدىن بىرى "بىز ( سىزدىن كېيىن قالغاندا ) قانداق ئىش تۇتىشىمىز كېرەك؟"دەپ سورىغاندا، ئۇ "خالايىققا پايدىسى تەگمەيدىغان سۆز ۋە

ھەرىكەتلەرنى قىلماڭلار"دەپ كۆز يۇمدى. ئۇ ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتىدىن بىر يىل كېيىن ۋاپات بولدى. 93 يىل ئۆمۈر كۆردى. كىشلەرنىڭ قۇدرىتى يېتمىگەن ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى، مۇھتاجلارغا ساخاۋەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۈچىنچى پىرى ئالتاينىڭ بالاساغۇن (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسسىق كۆل بويىغا جايلاشقان توقماق شەھىرى يېنىدىكى بىر قەدىمي شەھەر. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر تۈرك قەۋىملىرىگە مەنسۇپ بولغان بويلا سانغۇن (ئەمىرلەشكەر بويلا) تەرىپى دىن بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەر تارىختا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قارلۇق خانلىقى(766~870 ـ يىللىرى )، قاراخانىيلار سۇلالىسى(870~1219 ـ يىللىرى بولۇشى كېرەك ئىدى، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار 930~1219 ـ يىللىرى ، دەپ ئىزاھلاپتۇ )، قارا خىتاي خانلىقى(1131~1219 ـ يىللىرى)نىڭ پايتەختى بولغان.

<<تەۋارىخى مۇسىقىيۇن>دا بالاساغۇن ئالتاي تەۋەسىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ يەردە قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەسلى ماكانى نەزەردە تۇتۇلغان بولىشى مۇمكىن.) دېگەن يېرىدە ئۆتكەن مەۋلانە شەيخ ئەبۇ نەسىر فارابىدۇر. بۇ ئەزىز ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەت غەززالى(زەيىنىددىن ئەبۇھامىت مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت تۇسى. مىلادى 1059 ـ يىلى خۇراساننىڭ تۇس شەھىرىگە قاراشلىق غەززاله دېگەن جايىدا دۇنياغا كېلىپ، مىلادى 1111 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، تەرىقەتچىلىك(سوفىزىم) بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ "ئەنئەنىچىلەر"دەپ ئاتالغان سۈننى مەزھىپىنىڭ كۆزقاراشلىرىدىكى بىرلىكنى تەكىتلەپ، تەرىقەتچىلىكنىڭ مۇھىم كۆزقاراشلىرىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى.) ھەزرىتى ئىمام پەخرى رازى (ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلتەمىلكە بىرى پەخرى رازى. مىلادى 1149 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1209 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان مەشھۇر ئەرەپ پەيلاسوپى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئاساسەن ئىسلام پەلسەپەسى(تەفسىرچىلىك)، تىبابەتچىلىك، ئىلمي رىيازەت(ماتېماتىكا)، ئىلمي

مەنتىق(لوگىكا)قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە 100 دىن ئارتۇق كىتاپ يېزىپ "شەيخۇل ئىسلام" دېگەن شۆھرەتكە ئىگە بولغان.) لاردىن ئارتۇق كامالەت تاپقان، دىنىنى ئىلىملەردە يوقۇرى سەۋىيەگە يەتكەن، پەننى ئىلىملەردە ئىبنى سىنا (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا. ئۇ مىلادى 980-يىلى بۇرۇنقى سامانىلار سۇلالىسى (مىلادى 875~999-يىللىرى) نىڭ پايتەختى بۇخارانىڭ يەنىدىكى قىشلاقتا دۇنياغا كەلگەن. 999-يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى سامانىلار سۇلالىسىنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن ئىبنى سىنا بۇخارا، ئۆرگەنچ قاتارلىق جايلاردا ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئىراندىكى ئىسپاھان، ھەمەدان قاتارلىق جايلاردا تىبابەتچىلىك، فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپە پەنلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ <ئەلقانۇن>، <كىتابۇلشىپا>، قاتارلىق ئەسەرلىرى پۈتۈم شەرق ئەللىرى تىبابەتچىلىگى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىگىنىڭ ئاساسىنى ئورنىتىش بىلەن بىللە، دۇنيا تىبابەتچىلىگى ۋە ئىسلام پەلسەپەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىبنى سىنا مىلادى 1037-يىلى ھەمەداندا ۋاپات بولغان.) دىنىمۇ ئۈستۈن ئىدىكى، شەرىئەت ئىلمى، تەرىقەت ئىلمى، تەفسىر[قۇرئاننىڭ شەرھى]، ھەدىس، تىۋپلىق، پەلسەپە، ئىدىئولوگىيە، ئەدەبىيات ھەتتا شاھمات، نەرد ئويۇنلىرىغىچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىدى. جۈملىدىن مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ناھايىتى يېتىلگەن ئىدى. قالۇننى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، سىم تارتىپ چالغان ۋە سازەندە شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. راك، ئۇشاق مۇقاملىرىنى ۋە ئۇشاقنىڭ مەرغۇللىرىنى ئىجات قىلىپ ئالەمگە يايغان ھەم شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى. ھازىرمۇ ھەممە سازەندىلەرگە مەلۇم بولغان ئۆزھال مۇقامىنى ۋە ئۇنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەرغۇللىرىنى كەشپ قىلغان ئىدى. < رىسالەئى مۇغەننىيۇن> [سازەندىلەر رىسالىسى] دېگەن كىتابىدا "مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنساننىڭ روھىغا مەنىۋى ئوتنى تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا، بۇ مۇڭنىڭ نىمە ئىكەنلىگى مەلۇم بولىدۇ" دەپ ئېيتقان ۋە يەنە " يۈز يىل ئىبادەت قىلىپ ئالالمىغان پەيزىنى مېنىڭ قالۇنۇمنىڭ سىملىرىدىن ئالغايسىزلەر" دېگەن.

بۇ ئەزىز تۇرلۇك ئىلىملەر ھەققىدە 114 پارچە كىتاپ يازغان. بۇ كىتاپلارنىڭ بىرى <رىسالەئى مۇغەننىيۇن>دۇر. لېكىن بۇ كىتاپ ھازىرغىچە ئەرەپچىدۇر. مۇشۇ رىسالىنى تامام قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ۋاقتىمنىڭ بارىچە شۇ كىتاپنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا..

بۇ پەننىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك پىرى مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلىرىدۇ*. ئۇ خۇراسان*نىڭ شابۇك دېگەن يېرىدىن ئىدى. ئۇ بۇ پەندە ئۆز ئەسرىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى، ئۇ بۇ پەن ھەققىدە <ئەسلۇلۋەسل> [ۋەسىللەرنىڭ نېگىزى] ئاتلىق بىر كىتاپ يازغان، كېيىن <مۇرتاز> [نەپسىدىن كەچكۈچى] يەنە بىر كىتاپ يازغان ئىدى. نەغمىچىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان چۆل ئىراق مۇقامىنى شۇ كىشى ھەج سەپىرىدە ئىراق چۆلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىجات قىلىپ، شۇ نام بىلەن ئاتىغان. دۇتارنىمۇ شۇ كىشى كەشىپ قىلغان. ئۇ شې'ئىر يېزىش ۋە مۇزىكا ئۆگىتىشتىمۇ ئۆز زامانىنىڭ تەڭداشسىزى ئىدى. ئۇ باشقا ئىلىملەر بويىچىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ياخشى كىتاپلارنى يازغان. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەپيۇننى كۆپ ئىستىمال قىلغان سەۋەپتىن ئەقلىنى يوقۇتۇپ ۋاپات بولغان.

مەۋلانە ئەلى ـــ خۇراسان پادىشاسى ھۇسەيىن بايقارا زامانىدا (مىلادى 1470 ـ 1505 ـ يىللىرى) ئۆتكەن ئىران شا'ئىرى بولۇپ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ دىۋانخانىسىدا خەتتاتلىق ۋە مۇغەننىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە بىرمۇنچە لىرىك غەزەللەرنىمۇ يازغان. ئۇنىڭ < ئەسلۇلۋەسل> ۋە <مۇرتاز> ناملىق ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغان.

خۇراسان ـــ قەدىمكى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقى، ئافغانىستاننىڭ غەربى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ ئومۇمى نامى ئىدى. "خۇراسان" دېگەن سۆز پارىسچە <خۇر> (قۇياش)

دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، "قۇياش دۆلىتى" ياكى "شەرق دۆلىتى" دېگەن مەنىدە. "خۇراسان" دېگەن بۇ نام ئىران ساسانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 224 ـ 651 ـ يىللىرى) پەيدا بولدى. تۆمۈرلەڭ زامانىدا خۇراسان غەربى چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان. مىلادى 1451 ـ يىلى تۆمۈرلەڭ ئەۋلادى ئابدۇللا بىننى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، تۆمۈرلەڭ ئەۋلادى ئەبۇ سەيىد بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمىرانشاھ بىننى تۆمۈر ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ خۇراسان دۆلىتىنى قۇردى، بۇ دۆلەت مىلادى 1510 ـ يىلى ئىران سافاۋىلار سۇلالىسى (مىلادى 1502 ـ 1722 ـ يىللىرى) تەرىپىدىن يوق قىلىندى.

بەشىنچى پىرى خۇجە شاھابىدىن* بولۇپ، بۇ پەندە ئۆز ئەسرى بويىچە بىردىن ـ بىر ئىدى، ئۇ بۇ پەن بويىچە 200دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۈردى ھەم رىسالە يازدى. خۇجا شاھابىددىن ــــ شاباھىددىن ئەبۇ ھەفس ئۆمەر بىننى مۇھەممەدۇلبەكرى. مەشھۇر ئىران شائىرى، تەرىقەتچىلىك نەزىرىيىچىسى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئىسلام پەلسەپەسى بولۇپمۇ ھەدىس ۋە تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدە بىرمۇنچە ئەسەرلەر يازغان. مىلادى 1444 ـ يىلى ئىراننىڭ شۇھرەۋەردى شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1534 ـ يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

ئالتىنچى پىرى ئابدۇللا مەرۋارىت* ھەزرەتلىرى بولۇپ، سەمەرقەنتتىن ئىدى. بۇ ئەزىزىمۇ بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرىدىن ھىساپلىناتتى. بۇ پەن ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ياخشى رىسالىلەرنى يازغان ھەم 100 دىن ئارتۇق شاگىرت چىقارغان ئىدى. ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى داڭلىق مۇزىكىچىلاردىن بولغان ئىدى. ھىجرىيە 881 ـ يىلى [مىلادى 1476 ـ يىلى] ھىسار* ۋىلايىتىدە دەپنە قىلىندى. ئابدۇللا مەرۋارىت ــــ سەمەرقەنتلىق مەشھۇر شائىر ۋە خەتتات بولۇپ، بىر مەزگىل ئىران قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. ھۇراسان پادىشاسى ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مۇنشى (باش كاتىپ) بولۇپ ئىشلىگەن. “بايانى” دېگەن تەخەللۇس بىلەن <تارىخى شاھى>، <خۇسراۋ ۋە

شىرىن> ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1516 ـ يىلى ھىساردا ۋاپات بولغان. لېكىن <تەۋارىخى مۇسىقىيۇن>دا ئۇ ھىجرى 881 ـ يىلى (مىلادى 1476 ـ يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان. ھىسار__ ئاسىيادا بىرقانچە شەھەر بۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى بۇخارانىڭ شەرقىدىكى قەدىمكى بىر شەھەر. ئىككىنچىسى ھىندىستاندىكى دېھلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر. يەنە ھازىرقى تۈركىيەدە "قارا ھىسار" دەپ ئاتالغان بىر شەھەرمۇ بار. يۇرتىمىزدا"يېڭى ھىسار" (يېڭىسار) دېگەن جايمۇ بار. بۇ يەردە بۇخارانىڭ شەرقىدىكى ھىسار شەھىرى نەزەردە تۇتىلىدۇ.

يەتتىنچى پىرى مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى* ئىدى. بۇ ئەزىزنىڭ خىسلەت ـ پەزىلەتلىرى خىلمۇ ـ خىل كىتاپلاردا تەرىپلەنگەن. ئۇنىڭ قانچىلىك قابىلىيەتلىك ئىكەنلىگىنى شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايىدەك ئالىمغا ھەممە ئىلىم ۋە ئەمەللەر بويىچە ئۇستاز بولغان. نەۋايىدەك زاتنىڭ ئۇنى ئۇستازىم، پىرىم دېگەنلىكى ئۇنىڭ سۈپەت ۋە تەرىپى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. نەۋايى ھەزرەتلىرى ئۆز <خەمسە>سىدە بەش جايدا بۇ ئەزىز ئۇستىدە توختالغان بولۇپ، نىمە دەپ تەرىپلىگەنلىگىنى ئۆزەڭلار كۆرىۋالساڭلار بولىدۇ. بۇ ئەزىز ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابىدەك ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ شائىر ھەم ئالىم بولغىنىدىن مەپتۇنلىغى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. تەمبۇر، سەتار، قالۇن قاتارلىق بارلىق سازنى ئۆز قولى بىلەن چالاتتى. ئەجەم دېگەن بىر مۇقامنى ھەم ئۇنىڭ ئىككى مەرغۇلىنى ئىجات قىلدى. نۇرغۇن شاگىرتلارنى مۇزىكا ئىلمىگە مۇكەممەل قىلىپ چىقاردى. بۇ پەن ھەققىدە <رىسالەئى دەۋۋار> [ دەۋر قىلغۇچى رىسالە] ناملىق بىر كىتاپ يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايىمۇ بۇ پەننى ھەزرىتى جامىدىن ئۆگەندى. ھەزرىتى جامى 898 ـ ھىجرىيەدە (مىلادى 1492 ـ 1493 ـ يىلى) 79 يېشىدا خۇراساننىڭ ھىرات* شەھىرىدە ۋاپات بولدى. جامى__ نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى، مەشھۇر تاجىك ئالىمى، پەيلاسوپى، يازغۇچىسى، تىلشۇناسى ۋە تارىخچىسى. جامى مىلادى 1414 ـ يىلى ئەسلى

چاغاتايخانلىقى تەۋەسىدىكى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھۇراسان پادىشاسى ئەبۇسەئىد ۋە ھۇسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەن. جامى ئۆز ئۆمرىدە <يۇسۇف-زۇلەيخا>، <لەيلى-مەجنۇن> قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، پۈتۈن مۇسۇلمان ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا داڭ چىقارغان. ئەلىشىر نەۋايى جامىنى ئۆز ئۇستازلىرى قاتارىدا ھىساپلايتتى. جامى مىلادى 1492-يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. ھىرات__ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمى بىر شەھەرنىڭ نامى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادى 1-ئەسىرگىچە باكتىرىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە "ھىرى" دەپ ئاتالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. مىلادى 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەرەپ خەلىپىلىگى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاسىيا قىتئەسىدە مۇھىم ئىسلام مەدىنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. مىلادى 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

سەككىزىنچى پىرى ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايىدۇر. بۇ ئەزىزنىڭ ھەممە پەزىل-شاراپەتلىرى ئۆزى يازغان شېئىر كىتابلىرىدىن ئايان بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ <كۇللىيات>، <چاھار دىۋان>لىرىدىن، <خەمسە>سىدىن ھەم بۇلاردىن باشقا ئىلگىرى كېيىن ، ئاز-كۆپ بولۇپ، پۈتكەن 36 پارچە كىتابىدىن بەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئىشقى مۇھەببىتىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئىلىملەرنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى بولغان ھەزرىتى جامىنىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ياخشى ئۆگەندى. ھەر كېچىسى سەتار ياكى تەمبۇر چېلىپ، ئۆزى يازغان غەزەللەر بىلەن ھەمىد ئېيتىپ بىھوش بولۇپ كېتەتتى. نەۋا دېگەن بىر مۇقامنى ئىجات قىلىپ ئالەمگە تارقاتتى. بۇ ئەزىز ھىجرىيە 843-يىلى [مىلادى 1439-يىلى] 6-ئايدا دۇنياغا كېلىپ، 63 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 63 پارچە كىتاب يېزىپ، ھىجرىيە 906-يىلى [مىلادى 1500-يىلى] ھىرات شەھىرىدە سەكتە [مېڭىگە قان چۈشۈش] كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

توققۇچىنچى پىرى ئۇستاز مۇھەممەت خارازىمى* بولۇپ، ئۆز ئەسرىدە مۇزىكا پەنى بويىچە كۆپ تىرىشچانلىق ۋە ماھارەتلەر كۆسەتتى. 200دىن كۆپرەك شاگىرتنى يېتىلگەن ئۇستازلاردىن قىلىپ چىقاردى. بۇ پەننىڭ چوڭقۇر سىرلىرى ھەققىدە رىسالە يازدى. ھىجرىيە 852-يىلى [مىلادى 1448-يىلى] ۋاپات بولدى. مۇھەممەت خارازىمى__ غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى بولۇپ، مىلادى 1448-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تەفسىرچىلىكتە ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ۋە "ئۇستاز مۇھەممەت" دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا يازغان بىرمۇنچە شې'ئىر-غەزەللىرى شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ناخشا-مۇقام تېكىستلىرى قىلىنغان ئىدى.

ئونىنچى پىرى مەۋلانە نەمان سەمەرقەندىدۇر* بۇ ئەزىز ئۇستا قارى بولۇپ، 500 كىشى نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭدا قۇرئان ياد ئالغان ئىدى. ئۇ شۇنداقلا ناھايىتى ئۇستا ناخشچى ھەم دىلكەش چالغۇچى ئىدى. ئالىملار سۆھبىتى ۋە ماشايىخلار ئولتۇرۇشلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. بىر كۈنى سەمەرقەند ئالىملىرى ئولتۇرىشىدا مەۋلانە شەمشىددىن تەبرىز*نىڭ غەزەللىرىنى ئوقۇپ سەتارنى سايراتتى. ئالىملار بىردىن باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ ئويغا چۆمۈپ كەتتى، ئون نەچچە كىشى بىھۇش بولدى، مەۋلانە ئەلى ھەزرەتلىرى بىھۇش بولغىنىچە شۇ ئولتۇرۇشتا ئالەمدىن كەتتى. بۇ خەۋەر ھەممە ياققا تارقىلىپ كەتتى، پادىش ئاڭلاپ، بۇ ئەزىزنى زىندانغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ 5 يىل زىنداندا يېتىپ ھىجرىيە 865-يىلى [مىلادى 1461-يىلى] ۋاپات بولدى. بۇ ئەزىزنىڭ تەربىيىسدە 300دىن ئارتۇق نەغمىچى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن ئىدى. بىرنەچچە يۈز كىشى شەرى'ئەت ئىلمىدە ئالىم بولدى، نەچچە مىڭ سوپىلىرى بار ئىدى. ئۇ تەرىقەتى چەشتىيە* ماشايىخلىرىدىن ئىدى. مۇزىكىنىڭ تەرىقەت ئەھلىگە بەخش ئەتكەن نەتىجىلىرى توغرىسىدا <مىئىراجۇسسالىكىن> [سوپىلىق يولىنى تۇتقۇچىلارنىڭ شوتىسى] ناملىق بىر كىتاب يازغان ئىدى.

نەمان سەمەرقەندى___ مىلادى 15 ـ ئەسىردە غەربىي چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر، غەزەلچى، مۇزىكا ئۇستازى ھەم مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى. ئۇ مەۋلانە شەمشىددىن تەبرىزى بىلەن بىللە ئىمام مۇھەممەت غەززالى ۋە جالالىدىن رومى (مىلادى 1207 ـ 1273 ـ يىللىرى) قاتارلىقلارنىڭ ئىسلام پەلسەپەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنى سۈننى مەزھىبى بىلەن تەرىقەتچىلىكنىڭ قارىمۇ ـ قارشىلىقىنى كېلىشتۈركە ئۇرۇنغان. ئۇ يەنە مىلادى 10 ـ ئەسىردە ئەرەپ خەلىپىلىگىدە پەيدا بولۇپ، كېيىنچە ئافغانىستان، پاكىستان ۋە غەربىي ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان تەرىقەت مەسلىگى "چەشتىيە" مەزھىپىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەت قىلغان. مىلادى 1461 ـ يىلى سەمەرقەندتە ۋاپات بولغان.

مەۋلانە شەمشىددىن تەبرىزى___ شەمشىددىن مۇھەممەت بىننى ئەلى بىننى مۆلك. مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تەرىقەت نەزىرىيەچىسى. ئىمام مۇھەممەت غەزاللى ۋە جالالىدىن رومى قاتارلىقلارنىڭ تەرىقەتچىلىك نەزىرىيىسىنىڭ ئاساسلىق ۋارىسى. ئۇ كۆپرەك ۋاقتىنى سەمەرقەندتە ئۆتكۈزۈپ، مەۋلانە نەمان سەمەرقەندى بىلەن تەرىقەتچىلىكنى كېڭەيتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان ۋە نۇرغۇن شېئىر غەزەللەرنى يازغان. ئۇ نامەلۇم بىر شەخس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى نامەلۇم. چەشتىيە___ مىلادى 10 ـ ئەسىردە تەرىقەت ئۇستازلىرىنىڭ بىرى ئەۋەج ئىسھاق شامى (مىلادى 940 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەزھەپلىرىدىن بىرى، ئىزاھ "نەمان سەمەرقەندى" گە قارالسۇن.

ئون بىرىنچى پىرى مەۋلانە ساھىب بەلخى* ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ ئەزىز مۇدەررىس ئىدى، بەش ـ ئالتە يۈز تالىپ ئۇنىڭ تەربىيىسىدە كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ئۇ تەمبۇرنى سېھىرلىك بىر تەرىزدە سۆزلىتەتتى. بابۇر شاھ* ئۇنىڭدىن بىر دەممۇ ئايرىلمايتتى. كېيىن ئۇ مۇدەررىسلىكتىن بوشىنىپ زاھىرىددىن بابۇر ھوزۇرىدا قالدى. بىر كۈنى كابۇل شەھرىدىكى بىر باغدا شاھانە ئولتۇرۇش ئويۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلۇغ زاتلار، ئەمىر ـ ۋەزىرلەر، ئۆلىما ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ھەممىسى يىغىلدى.

تۇرلۇك ـ تۇرلۇك تائاملار تارتىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، بابۇر شاھ مۇزىكىغا ئىشارەت قىلغان ئىدى، بۇ ئەزىز تەمبۇرىنى قولىغا ئېلىپ، چۆل ئىراق مۇقامىغا چېلىشقا باشلىدى، مۇزىكا ئىككىنچى ئەۋجىدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئەۋجىگە يەتكەندە بىر بۇلبۇل كېلىپ تەمبۇرنىڭ قۇلىغىغا قونۇۋېلىپ سايراشقا باشلىدى. مەجلىس ئەھلى چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈشتى، بىرمۇنچە كىشىلەر يىغلاپ بىھۇش بولۇپ يۇمۇلىنىشقا باشلىدى. بۇلبۇل يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ تەمبۇرغا ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە يەتتە ـ سەككىز قېتىم ئۆزىنى تەمبۇرغا ئۇرغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى. بەك تەسىرلىنىپ كەتكەن مەۋلانە تەمبۇرنى تاشلاپ يىغلىغىنىچە بىھۇش بولدى. بىر ئازدىن كېيىن بىھۇشلارغا گۈلاپلار سېپىلدى، شاتلىق شارابلىرى ئىچۈرۈلدى، بىھۇشلار ھۇشىغا كەلدى، لېكىن مەۋلانە ساھىپ بەلھى ھۇشىغا كېلەلمىدى، ھېكىملەر ھەرقانچە قارە ـ تەدبىر قىلىشقان بولسىمۇ پايدا چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، مەۋلانە ھىجرىيە 844 ـ يىلى [مىلادى 1440 ـ يىلى] ئالەمدىن كەتتى.

بابۇر شاھ يازغان <ئەسرارى مۇسىقى> [مۇزىكىنىڭ سىرى] ناملىق رىسالىدە بۇ قىسسە ئالاھىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. مەۋلانە ساھىب بەلخى___ تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا ھەم ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتداش بولغان، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مەجلىسلىرىگە قاتناشقان. <تەۋارىخى مۇسىقىيۇن>دا ئۇنىڭ كابۇلدا بابۇر شاھ ھوزۇرىدا ئىشلىگەنلىكى ۋە ھىجرى 844 ـ يىلى (مىلادى 1440 ـ يىلى) نەغمە ئۈستىدە ۋاپات بولغانلىقىنى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بابۇر شاھ مىلادى 1482 ـ يىلى دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كابۇلدا تۇرغان ۋاقتى مىلادى 1504 ـ يىلدىن كېيىنكى يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

بابۇر شاھ___ زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ. ئاتا جەمەت تەرىپىدىن غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاھى تۆمۈرلەڭنىڭ ئەۋلادى، ئانا جەمەت تەرەپتىن مۇغۇلىستان خانلىقىنىڭ 9 ـ پادىشاھى ئۇستاد يۇنۇسخاننىڭ ئەۋرىسى. بابۇر شاھ مىلادى 1482 ـ يىلى مۇغۇلىستان

تەۋەلىگىدىكى پەرغانىدا دۇنياغا كەلگەن. 1492 ـ يىلى دادىسى ئۆمەرشەيخ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، پەرغانە ۋالىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن. كېيىنچە ئۆزبېك خانلىقىدىن شايبانىخان (مىلادى 1450 ـ 1510 ـ يىللىرى) سەمەرقەند رايونىنى بېسىۋېلىپ، غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان ھەم مۇغۇلىستان تەۋەلىگىگە ھۇجۇم قىلىپ، بابۇر شاھنى پەرغانىدىن قوغلاپ چىقارغان. بابۇر شاھ كېيىنچە ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، مۇغۇلىستان خانلىقىغا تەقلىت قىلىپ بۈيۈك مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ئۇنىڭ <بابۇرنامە> ناملىق چاغاتاي تىلىدا يازغان مەشھۇر ئەسىرى تا ھازىرغىچە زور قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنىڭ شۇ چاغدىكى يەركەن خانلىقىنىڭ ئەدەبىي ـ سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تەسىرى چوڭ بولغان ئىدى. بۇ ئەسەر بابۇر شاھنىڭ <ئەسرارى مۇسىئقى> ناملىق مۇزىكا كىتابى بىلەن بىللە تېزلا شىنجاڭ رايونىغا تارقالغان ئىدى. ھازىر <بابۇرنامە> نىڭ پارىسچە، ئىنگىلىزچە، رۇسچە تەرجىمىلىرى بار. بابۇر شاھ مىلادى 1530 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

كابۇل___ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمكى زاماندا شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدا ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى بولغان. مىلادى 1504 ـ يىلى زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر شاھ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ئىككى ئەسىرگىچە مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىگىدە بولۇپ كەلگەن.

ئون ئىككىنچى پىرى شەيخ سەفايى سەمەرقەندى* ھەزرەتلىرىدۇر. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان مۇقام ئاھاڭلىرى، بۇ ئەزىز چالالمايدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرى يوق دىيىشمۇ بولىدۇ. بۇ پەن بويىچە ئىككى يۈزدىن ئارتۇق شاگىرتىنى ماھىر قىلىپ چىقاردى. <نەشائەتى مۇسىقى> [مۇزىكىنىڭ ئۇنۇمى] ناملىق بىر رىسالە يازدى، بىر قانچە تۈرلۈك ناخشا ـ غەزەللەرنى ئىجات قىلدى. ھىجرىيە 869 ـ يىلى [مىلادى 1464 ـ 1465 ـ يىلى] ئەللىك ئالتە يېشىدا پالەچ كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. شەيخ سەفايى سەمەرقەندى___ ناسىر بىننى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم شەيخ سەفايى سەمەرقەندى. مىلادى 1408 ـ يىلى سەمەرقەندتە دۇنياغا كېلىپ، 1469 ـ يىلى ۋاپات بولغان. لېكىن <تەۋارىخى

مۇسىقىيۇن>دا ھىجرى 869 ـ يىلى (مىلادى 1464 ـ 1465 ـ يىلى) ۋاپات بولدى دەپ يېزىلغان. ئۇ مەشھۇر دىنىي پەيلاسوپ ۋە ئەدىپ بولۇپ، <ئەلبوستان> قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

بۇ پەننىڭ ئون ئۇچىنچى پىرى قىدىرخان ياركەندى*دۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دىيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىز*دىن، خارازم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل*، كەشمىر، بەلخ*، شىراز* قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋاپنى ۋە ھەشتتار [تارلىق بىر خىل چالغۇ] نى بۇ ئەزىز كەشپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، <<دىۋان قىدىرى>> [قىدىرخان شېئىرلىرى توپلىمى] بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. جەندە ـ كۇلا كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرىشتخان* غىزادىمۇ، يېتىپ ـ قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى. قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجات قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرىشتخان پادىشادىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن كەتتى.

قىدىرخان ياركەندى__ ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ۋە مۇزىكشۇناس. ئۇ سۇلتان ئابدۇرىشتخان ئوردىسىدا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، سىياسى جەھەتتە يەركەن خانلىقىنىڭ بىرلىكى، تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ھەم ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە خۇلقى، ئايازى، نەفسى( ئامانىنساخان)، مىرزا مىرەك چالىشى قاتارلىقلار بىلەن بىللە يەركەن خانلىقىنىڭ مەدىنىيىتى بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ <<دىۋان قىدىرى>> ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى بار ئىدى. قىدىرخان يەركەندى مىلادى 1572 ـ يىلى يەركەندە ۋاپات بولغان.

تەبرىز__ ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

ئىستامبۇل__ ھازىرقى تۈركىيەنىڭ ئىستامبۇل شەھىرى. ئەرەپلەر دەسلەپتە بۇ شەھەرنى "مەدىنە'ئى قۇنستانتىن" دەپ ئاتىغان. مىلادى 11-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان ئوغۇز قەبىلىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان سالجۇق تۈركلىرى ئىران، ئەرەپ خەلىپىلىكىنى ئىشغال قىلىپ بۇ جاينى بېسىۋالغان. مىلادى 1453-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن باشلاپ ئوسمان تۈرك سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە "ئىستامبۇل" ئەرەپچە "ئىسلامبۇل" دەپ ئاتالغان. ياۋرۇپالىقلار يەنىلا "قۇنستانتىن" دېگەن نام بويىچە "كونىستانتىنۇپولىس" دەپ ئاتايدۇ.

بەلخ__ ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى بىر شەھەر بولۇپ، مىلادى 1221-يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان. مىلادى 1370-يىلى تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىغان. كېيىنچە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

شىراز__ قەدىمكى ئىراننىڭ مۇھىم سىياسى، مەدەنىيەت مەركىزلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادى 7-ئەسىردە ئىسلام دىنى ئىرانغا تارقالغاندىن كېيىن ھەججاج بىننى يۇسۇپنىڭ تاغىسى مۇھەممەت بىننى قاسىم بىننى ئاقىل تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرغان ئىكەن. بۇ شەھەر ئىراندا ھوكۇم سۈرگەن تۈرك ئاتابېكان سۇلالىسى (مىلادى 1150-1393-يىللىرى)نىڭ پايتەختى بولغان.

سۇلتان ئابدۇرىشتخان__ يەركەن خانلىقىنىڭ تۇنجى پادىشاسى سۇلتان سەيىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى. مىلادى 1510-يىلى مۇغۇلستان خانلىقى تەۋەسىدىكى پەرغانە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى پەرغانە ۋە تاغىسى بابۇر شاھنىڭ كابۇلدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزگەن. مىلادى 1514-يىلى يەركەن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن دادىسى سۇلتان سەيىتخان بىلەن بىللە

قەشقەر ۋە يەركەنگە كەلگەن. بىر مەزگىل يەركەن خانلىقىغا تەۋە يەتتە سۇ رايونى ( هازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبى)نىڭ سەرتاپلىقىغا (باش ۋالىلىقىغا) تەيىنلەنگەن. بۇ چاغدا ئابدۇرىشتخان ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەربى ئىلىم، پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا جەھەتتە زور ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. مىلادى 1533 ـ يىلى سۇلتان سەيىتخان شىزاگىغا قىلغان بىر يۈرۈشدە ئىس تېگىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەركەن خانلىقىغا سۇلتان بولۇپ تەيىنلەنگەن. يەركەن خانلىقىنىڭ پۈتۈنلىگى، ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن بىرمۇنچە پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللانغان.

سۇلتان ئابدۇرىشتخان بولۇپمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ پەن، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. بەزى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ <دىۋان رەشىدى>، <سىلاتنامە>، <مەشۇقنامە>، <غەزەلىيات رەشىدى> قاتارلىق ئەسەرلىرى بولغان.

بۇ پەننىڭ ئۇن تۆتىنچى پىرى ھەزرىتى پەھلىۋان مۇھەممەت كۈشتىنگىردۇر. خۇدايىتائاللا ئۆز ئۇستۇنلۇگى ۋە كارامىتى بىلەن بۇ كىشىگە شۇنداق بىر قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغ ئۆلىما ھەم ئەڭ كاتتا ئەۋلىيا ھەم زەبەردەست پەھلىۋان ئىدى. مىڭ يىللار ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك پەھلىۋان چىقمىغان. ئۇ ھەم شائىر ھەم نەغمىچى ھەم زور باي ئىدى، شۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇنىڭدەك خۇش خۇلۇق، خۇش سۆز ئادەم يوق ئىدى. ئۇ يوقۇرىدا ئىسمى ئېيتىلغان ئۇلۇغ ئۇستازلار باراۋىرىدە مۇزىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرلەر يازدى، پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ناخشا، سۆز، ئاھاڭلار ئىجات قىلدى. ئۇ ئىشلىگەن مۇقام كۈيلىرىنىڭ بىرى چاھارزەرب بولۇپ، ھەممە ئۇستازلارنىڭ كۈيلىرىدىن ياخشى ھەم يېقىملىق بولغان ۋە تېزلا داڭ چىقارغان ئىدى. مەشھۇر ئىجادىي مۇقاملىرىنىڭ بىرى چاھارزەرب، بىرى چاھارگاھ مۇقامى ئىدى. چاھارگاھقا مەۋلانە تۇتى* ئەلەيھىررەھمىنىڭ مۇنۇ غەزىلىنى سالغان ئىدى (باشلانما بېيىتىنىڭ مەنىسى):

ئەي ساقى، ئەجەپكى ئەتىنىڭ دەھشەتلىك ئىشلىرى نامەلۇم كېتىۋاتىدۇ.

بۈگۈن ئۆزىمىزنى خۇش تۇتايلى، ئەتىنى كىم بىلىدۇ.

بۇ مىربۇزرۇك تىرمىزى* نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ مۇۋاپىق ئىش بولغان، شۇڭا خۇراسان مەملىكىتىدە، ئىراق، سەمەرقەند ۋە يەركەن خانلىقى ئىچىدە بۇنى بىلمەيدىغان نەغمىچى يوق. يەنە بىرى دۇگاھ مۇقامى بولۇپ، بۇنىڭغا مىرخىسرو دېھلىۋىنىڭ* مۇنۇ شېئىرىنى سالغان ئىدى (شېئىر):

ئەي سېنىڭ مەڭزىڭنىڭ نۇرىدىن ھەر بىر ئۆي يورۇپ كەتتى،

سېنىڭ چېچىڭنىڭ ھەر بىر بۇدرىسى ئۈچۈن بىر كۆڭۈل ۋەيرانە ۋە ئەسىردۇر.

بۇ بابۇر سۇلتان نامىغا باغلىنىپ تولىمۇ تەسىرلىك ھەم مۇۋاپىق مۇقام بولغان. يەنە پەنجگاھ مۇقامىنى ئىجات قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەزرىتى مەۋلانە كاتىبىنىڭ* بىر شېئىرىنى سالغان ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ھوزۇرلىناتتى. بۇ مۇقام ئەجەم، مۇۋەرە ئۇننەھرى* شەھەرلىرىدە مەشھۇر بولدى. مەۋلانە كاتىبىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق (مەنىسى):

سېنىڭ رەڭگىڭ بەزىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلار قىياپىتىگە كىرىپ قالىدۇ،

بىر تەلەپىنىڭ گۇۋاچىلىغى ئۈچۈن يۈز شاھىت كېلىدۇ.

ئۇ بۇ شېئىرنى سېلىشتا ئۇنىڭ مۇنۇ چۈشۈرگە بېيىتىنى كۆزلىگەن ئىدى (مەنىسى):

كاتىپدەك ئاخشىمى غەم قىلساڭ، تاڭدا ئۈمىت قىل،

بۇ دۆلەتكە سۇلتان ئەبۇ سەئىد كەلدى.

بۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا* نامىغا باغلىنىپ بەكمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن خەلقى ئالەم ئىچىدە شۆھرەت تۇتقان. بۇ ئەزىزى بۇلاردىن باشقا يەنە بىھىساپ غەزەل، مۇقام، ئاھاڭلار ئىجات قىلدى، مەشھۇرلىرى مۇشاۋىرەك، بايادەك ۋە يوقۇرىدا ئېيتىلغان چاھاررزەرپ، دۇگاھ، سىگاھ، چاھارگاھ، پەنجىگاھلار بولۇپ، غەرپ ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا مەشھۇردۇر، ھەممىسىنى بۇ قىسقا رىسالىگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەزىز ئاۋال بابۇر شاھنىڭ ھوزۇرىدا خىزمەت قىلدى، كېيىن مىرزا ئەبۇ سەئىدنىڭ بەرگاھىدا يوقۇرى ئورۇن تۇتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ساھىپ قىران ھۈسەيىن باھادىرخاننىڭ* دەرگاھىدا مەھرەم بولدى، بۇ ئەزىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى شۇ يەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىدەك ئالىجاناپ زات بىلەن 40 يىل ھەمسۆھبەت، دوست بولۇپ ئۆتتى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ تەبىيىتىدە زەررىچە ئەيىپ بولسا ئىدى، نەۋايى ئۇنى دوستلۇققا قوبۇل قىلمىغان بولار ئىدى. ئەكسىچە، نەۋايى: "مەن پەھلىۋان مۇھەممەت كۈشتىنگىر بىلەن 40 يىل ھەمسۆھبەت بولدۇم، بۇ جەرياندا كۆڭلۈم مالال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىش ئۆتۈلمىدى، بەلكى دوستلۇق مۇھەببىتىمىز كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى" دەپ يازغان. مانا بۇنىڭدىن ئۇ ئەزىزنىڭ خۇي ـ پەيلىنىڭ نەۋايىغا ناھايىتى يارىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەۋايىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بۇ ئەزىزنى تەرىپلەپ تارىخ، ھىكايە يازغانلىقى بۇ ئەزىزگە بېرىلگەن ئەڭ يوقۇرى باھا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ ئەزىز شېئىرىي مۇئەمما [مەنىسى يوشۇرۇن شېئىر] ئىلمىدە دەۋرىنىڭ يىگانىسى، زامانىنىڭ نادىرى ئىدى. بۇ پەن توغرىسىدا نۇرغۇن كىتاپلار يازدى. شۇ زاماندىكى شائىرلارنىڭ يۈزدىن بىرىدە مۇنداق قابىلىيەت يوق ئىدى. شائىرلار ھەرقانداق شېئىر يازسا، پەھلىۋانغا كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ

پىكرىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ پەندىكى سەممىيىتىنى ئۇنىڭ كۆشتىنگىر تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر شېئىرىنىڭ مۇنۇ باشلانما بېيىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ (مەنىسى):

مەن ئۇنىڭغا: ئىشقى ئالىمىڭدە مېنىڭ ئىشىم غەم يېيىشتۇر، دىدىم.

ئۇ ھىراتتىكى بىر چوڭ يولنىڭ بويىغا 5 مىڭ كىشىلىك ئۆي - باغلاردىن تەركىب تاپقان زور بىر ئىمارەت سالدۇردى، بۇ بىر مۇساپىرخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا "نىمەتى ئابات" دەپ نام بەردى. پېقىرلار، دەرۋىشلەر، مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كېلىپ بىر ئاي، ئىككى ئاي ھەتتا بىر يىل، ئىككى يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۈچ تۈرلۈك ئالى تاماق بېرىلەتتى، ئۇلاقلىرىغا ئارپا - پىچان تەييار ئىدى. كاتتا - كىچىك ھىرات خەلقى "نىمەتى ئابات" تىن تاماق يەيتتى، پېقىرلاردىن باشقا بايلار، شاھزادىلەر، ۋەزىرلەرمۇ تاماق يەيتتى، ھەتتا سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخانغىمۇ تەييار بولغان تاماقتىن ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم يەتكۈزىلەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ماشايىخ ۋە ئۆلىمالار ھەزرىتى پەھلىۋاندىن تەلىم ئېلىپ بەش - ئون يىل تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ سېخىلىكتە ھاتەم تەيدىنىمۇ* ئېشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەزرىتى جامى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، تەسەۋۋۇفتا ئۇنىڭدىن مەخسۇس ئىلتىپاتلار كۆرگەن ئىدى. ئاللاتائاللا بىر قەترە خۇندىن تۆرەلگەن بەندىسىگە شۇنچىلىك كامالەت ۋە قابىلىيەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، ئۇ بىردىن - بىر ياراتقۇچىغا يۈز مىڭ ھەمدۇ - سانا ئوقۇش كېرەك! بۇ ئەزىز پادىشادىن گادايغىچە دوست تۇتمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلسا، پەھلىۋاننىڭ مەندىن يېقىن دوستى يوق، دەپ ئويلاپ قالاتتى. مىڭ - مىڭلىغان كىشىلەر بۇ ئەزىزنىڭ قولىدا قۇرئان ياد ئالدى. شەرىئەت ئىلمىنى ئۆگۈنۈپ ئالىم بولدى. ئۇ ھەربى ئىلمدە سۇلتان ھۇسەيىن باھادىرخاننىڭ پۈتۈن قوشۇنىغا ئۇستاز ئىدى. ئۇ، شائىرلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ ھەرخىل مۇقاملارنى ۋە مىڭلىغان شاگىرتلارنى يادىكار قىلدى. تەرىقەتتە ھەرخىل ئۇلۇغ شەيخ ۋە ھۆرمەتلىك ئەۋلىيالارنىڭ پىرى ئىدى. شۇ زاماندا دۇنيا بويىچە

ئۇنىڭدەك باي يوق ئىدى. ھۈسەيىن باھادىرخان ئۇنىڭسىز ئولتۇرۇش ئۆتكۈزمەيتتى، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىش قىلمايتتى. پەھلىۋان بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن بۇھۇش بولۇپ يىقىلغىنىچە ئالەمدىن كەتتى. پادىشادىن گادايغىچە پۈتۈن خۇراسان خەلقى ھازىدار بولۇپ، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بىر ئەھۋال يۈز بەردى. ئۆزى ھايات ۋاقتىدا راسلاپ قويغان ۋە ھەر كېچىسى كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ كەلگەن "نىمەتى ئابات" تىكى يەرلىكىگە ھىجرىيە 899ـ يىلى [مىلادى 1443 ـ 1444 ـ يىلى] دەپنە قىلىندى. [ئايەتنىڭ مەنىسى] "بىز ئاللانىڭ، ئاللا تەرەپكىلا قايتىمىز".

مەۋلانە تۇتى__ مىلادى 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى. مىلادى 1481 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

تىرمىزى__ ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئەلى تىرمىزى. مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى، ھازىرقى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تىرمىز شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ شې'ئىر ـ غەزەلچىلىكتىمۇ خېلى مەشھۇر. مىلادى 869 ـ يىلى تىرمىز شەھرىدە ۋاپات بولغان.

خىسرو دېھلىۋى__ ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان "لاچىن" قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھىجرى 651 ـ يىلى (مىلادى 1253 ـ يىلى) كەش شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، كېيىنچە ھىندىستاندا ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاجىرلىق تۇرمۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزگەن، ھىجرى 725ـ يىلى (مىلادى 1325 ـ يىلى) 72 يېشىدا دېھلىدە ۋاپات بولغان. ئۆز ھاياتىدا <ئىسكەندەرنامە>، < لەيلى ـ مەجنۇن>، < شىرىن ۋە خىسراۋ>، <تۇغلۇقنامە>، < تارىخى دەھلى> قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

مەۋلانە كاتىبى__ مىلادى 15ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى. ھىجرى 839 ـ يىلى

(مىلادى 1435 ـ يىلى) ئاستراباتتا ۋاپات بولغان. <ھەسەت ۋە ئىشق>، <ناسىر ۋە بەھرام>، <بەھرام ۋە گۈلەندەم> قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ماۋەرە ئۇننەھرى__ قەدىمكى يۇناننىڭ تارىخ ۋە جۇغراپىيە كىتاپلىرىدا "ترانسى'ئوكسانىيە" (ئوكس_ ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان. مىلادى 8 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى ۋە بۇ جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن، ماۋەرە ئۇننەھرى (دەريانىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىغىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا__ ئەبۇ سەئىد بىننى مۇھەممەت بىننى ئەمىرانشاھ بىننى تۆمۈر. خۇراسان دۆلىتىنىڭ 1 ـ پادىشاسى بولۇپ، ھىجرى 855 ـ يىلى (مىلادى 1451 ـ يىلى) تەختكە چىققان. ھىجرى 873 ـ يىلى (مىلادى 1468 ـ يىلى) قاراباغ دېگەن جايدا ئەزەربەيجان ۋالىسى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

سۇلتان ساھىپ قىران ھۇسەيىن باھادىرخان__ ھۇسەيىن بىننى مەنسۇر بىننى بايقارا بىننى شەيخ ئۆمەر. تارىخى ئەسەرلەردە ھۇسەيىن بايقارا دەپلا ئاتىلىدۇ. بۇ خۇراسان دۆلىتىنىڭ 3 ـ پادىشاسى بولۇپ، مىلادى 1470 ـ يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1505 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ياردىمى ئاستىدا خۇراسان دۆلىتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جاھەتلەردىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر مۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئۆزى مەشھۇر شائىر بولۇپ، بىرمۇنچە شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازغان.

ھاتەم تەي__ ئەبۇ ئەدى بىننى ئابدۇللا بىننى سەئىد ھاتەم تەي. قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر

ئەرەپ شائىرى. ئۇ رىۋايەتلەردە ئۆزىنىڭ ناھايىتى سېخىلىقى بىلەن داڭ چىقارغان.

ئون بەشىنچى پىرى ھەزرىتى مەۋلانە لۇتفىدۇر. بۇ ئەزىز مۇشۇ موغلىستاندىن* ئىدى، ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنى سىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىر ئەلىشىر نەۋايىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى تەربىيىلىنىپ چىقتى، 200چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 200دىن ئارتۇق كىتاپ يازدى. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋايى ئىلمىي پاساھەتتە [ئىستىلىستىكا ئىلمىدە] بۇ ئەزىزنى ئۇستازىم دەيتتى. لۇتفى بولسا ھەزرىتى نەۋايىنى سەن مېنىڭ ئۇستازىم دەيتتى ۋە "مېنىڭ ئۆمۈر بويى يازغان 10 مىڭ مىسرا شېئىرىمدىن سېنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ ئارتۇق" دەيتتى. ھىجرىيە 878 ـ يىلى [مىلادى 1473 ـ يىلى] ۋاپات بولدى.

موغۇلىستان__ ئەسلىدە شەرقتە قارا شەھەر، غەرپتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا كۆكچە دېڭىز (بالقاش كۆلى)، جەنۇپتا قارا قۇرۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماڭلاي سۈيە) قاتارلىق رايونلار تارىختا "موڭۇلىستان" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موڭغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون دېگەنلىك بولىدۇ. مىلادى 1348 ـ يىلى چاغاتاي ئەۋلاتلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر (مىلادى 1331 ـ 1363 ـ يىللىرى) بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىگىدىكى بىرقانچە پادىشالىق ۋە بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىر خانلىق قۇرغان. بۇ خانلىق "موغۇلىستان" دەپ ئاتالغان. موغۇلىستان خانلىقى مىلادى 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ پارچىلىنىشقا باشلىغان. مىلادى 1514 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلاتلىرىدىن سۇلتان سەئىتخان موغۇلىستان خانلىقىنىڭ پارچىلانغان بىرقانچە رايونلىرىنى بىرلىككە كەتۈرۈپ يەركەن خانلىقىنى قۇرغان. مىلادى 1678 ـ يىلى يەركەن خانلىقى

ئاپپاق خوجا ۋە جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

ئون ئالتىنچى پىرى ھەزرىتى يۈسۈپ سەككاكىدۇر*. بۇ ئەزىزىمۇ ھەممە ئىلىمدە ھەزرىتى فارابى ۋە ھەزرىتى لۇتفىدەك ئىدى. مىڭلىغان تالىپلار ئۇنىڭ قولىدا تۈرلۈك-تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگىنەتتى. مەنتىق ئىلمىدە، ئىلمىي پاساھەت ۋە ئىلمى بەلاغەت [ناتىقلىق ئىلمى]دە ئەسرىنىڭ يەكتاسى ئىدى؛ شې'ئىرىيەت ئىلمىدە بۇ ئەزىز موغۇللىستاندىن چىققان مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئىدى، پاساھەت ۋە بەلاغەت ھەققىدە <تەلخىس> [ئومۇمى بايان] ناملىق بىر كىتاپ تۈزدى، مۇزىكا ئىلمى بويىچە رىسالىلەر يازدى. ھازىرغىچە نەغمىچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان بايات ناملىق مۇقامنى بۇ ئەزىز ئىجات قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتكەن ئىدى.

يۈسۈپ سەككاكى— 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر شا'ئىرى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىرمۇنچە شې'ئىر ۋە قەسىدىلەرنى يازغان. ئۇنىڭ <دىۋان سەككاكى> ناملىق شې'ئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە كەڭ تارقالغان. ئەلىشىر نەۋايى سەككاكىنى لۇتفى بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ، "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى، تۈرك تىلىنىڭ ئۇستىسى" دەپ تەرىپلىگەن. سەككاكى مىلادى 1468-يىلى ۋاپات بولغان.

ئون يەتتىنچى پىرى مەلىكە'ئى ئاماننىسا خېنىم* ئىدى. بۇ خېنىم سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شا'ئىرەسى بولۇپ، <دىۋان نەفسى> [نەفسى شې'ئىرلىرى توپلىمى] ناملىق شېرىن بىر كىتابنى يازغان ئىدى. خەتتاتلىقتا ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىدى، مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيارسىز شەيدا بولغان ئىدى. سۇلتاننىڭ بۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى؛ سۇلتان ئۆز ۋەزىر-ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتاختى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى

بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غەرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رە'ئىيەتكە زۇلۇم-سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەھرىمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي مەخمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ مەلىكە بولسا شۇ مەخمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ، مەخمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ چىلدى. مەخمۇت: "مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، مۇشۇ قىزىمىز ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ"— دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان: "ئەمىسە، قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن"— دېدى. مەخمۇت قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى، بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شې'ئىرنى سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ، بىھۇش بولۇپ كەتتى. شې'ئىرنىڭ باشلانما بېيىتى مۇنداق ئىدى (مەنىسى):

خۇدا ساڭا يۈز شۈكرى، بىزگە ئادىل پادىشا بەردىڭ،

پېقىر-مىسكىنگە ئابدۇرىشتخاننى پانا قىلدىڭ.

بۇ بېيىتنىڭ چۈشۈرگە بېيىتى مۇنداق باشلانغان ئىدى (مەنىسى):

ئەي نەفسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلغىن،

ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇنا قىلغان بولىسەن.

غەزەل تامام بولىشىغا سۇلتان ئالدىراپ: "نەفسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟"ــ دەپ سورىغان ئىدى، قىز:

"خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقامدىكىن، مەن نەۋايى، فۇزۇلى*، زەلىلى*نىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن"ــ دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىگىنى سورىدى. ئاتىسى:

"13 ياشقا كىردى"ــ دەپ جاۋاپ بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاگىچە ئامانىسا خېنىم قوپۇپ، ئۆزى يازغان بىرنەچچە شېئىرلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشا بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي: "قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ"ــ دېگەن ئىدى، قىز دۆۋەت-قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى (مەنىسى):

خۇدا، بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،

گويا بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.

سۇلتان كۈلۈپ: "ئىشەندىم، مېنى مەسخىرە قىلماڭ"ــ دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ: " بىز ھېلى كېلىمىز"ــ دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر-ئەمىرلەرگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كېيىپ، ئۈستىگە دەۋاج ياپتى. دەرھال ئون قوي ۋە

شايى-ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۈن يېرىمىدە قىرىق كىشى مەخمۇتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەقسەتنى بايان قىلدى. پادىشا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. بۇ مەلىكە 20 يىل پادىشانىڭ نىكاھىدا تۇردى. خۇدايتا'ئاللا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغان ئىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. <دىۋان نەفسى>نى يازدى، خوتۇن-قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا <ئەخلاقى جەمىلە> [گۈزەل ئەخلاق] ناملىق بىر كىتاپ يازدى. <شۇرۇھۇلقۇلۇب> [قەلبلەر شەرھى] ناملىق بىر رىسالە يازدى. شا'ئىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كىتاپ ئاز. <ئىشرەت ئەنگىز> [شاتلىق قوزغىغۇچى]ناملىق مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجات قىلغان ئىدى. كۆچلۈك رەشك يۈزىسىدىن سۇلتان ئۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگەتتى بۇ مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ. مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈدەك ھالەتكە يېتىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولدى. سۇلتان ئاخىرى يىغلاپ ئالەمدىن ئۆتتى، دېيىلىدۇ.

بۇلاردىن كېيىن مۇقام، غەزەل ئىجات قىلغۇدەك بىر ئۇستازنىڭ ئالەمگە كەلگەنلىگى مەلۇم ئەمەس، شۇنى بىلىش كېرەككى، نەينى جەمشت پادىشانىڭ مەشھۇر خوتۇنى مەلىكە دىلسۇز* كەشپ قىلدى. سۇنەينى ئاۋال كەيكۇبات شاھنىڭ نەزىرىدە لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئەردىشىر ئاتلىق بىر كىشى بۇغا مۈڭگۈزىدە ياساپ چالدى. نۇشىرۋان*نىڭ زامانىسىدا ياغاچتا سۇنەي ياساپ چالدى. داپنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا دىۋىلەر ياساپ بەردى. ناغرا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىدا كەشپ بولدى، دېيىلىدۇ. (دۇ'ئانىڭ مەنىسى) "بۇ كىتاپ بەك بىلگۈچى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ئاياقلاشتى".

* * * *

يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازلىرى ۋە ئەسىر، ھەر شەھەردە يۈزلەپ بەلكى مىڭلاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەھۋالاتىنى بايان قىلساق بۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ. شۇڭا مىڭدىن بىرى تاللاپ ئېلىندى، يەنى بىرەر ناخشا ـ مۇقام ئىجات قىلغان ياكى بىرەر چالغۇ ئەسۋابى ياسىغان ياكى بۇ ئىلىم توغرىسىدا بىرەر رىسالە يېزىپ داڭ چىقارغانلىرىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

خۇدايىمغا يۈز مىڭ سانا ۋە تەشەككۈر،
يەنە ئۇنىڭغا چەكسىز ھەمىد ۋە شۈكۈر.
ئەلىشىر ھېكىم بەگكە ئەمەل بەردى،
ئۇنى خوتەن خەلقىغە پادىشا قىلدى.
ئۇ مېنى بۇ شاھ دەۋرىدە تۆرەلدۈردى،
بېشىمغا كۈلا، ئۈستۈمگە جەندە كەيگۈزدى.
زامانە ئادالەتلىك شۇ قەدەر،
قولۇڭغا دۆۋەت ۋە قەلەم ئالغىن.
مەن بۇ ئەمىرگە ئىتائەت قىلدىم،
شىرىن سۆزلەرنى يىغىپ جەم قىلدىم.
نەغمىچى ھەققىدە رىسالە بولسا،
تارىخ ئېتى بار كىتاپلار بولسا.
يېغىپ تۈزدۈم بۇ تارىخنى مەن،
ياخشى دېگەي بۇنى ئوقۇپ ئەھلى خوتەن.
بولسىمۇ ئەقلىم قىسقا، بويۇم پاكار،
خوتەنلىككە قىلدىم بۇنى يادىكار.

سەۋەپ بولدى بۇنىڭغا ئەلىشىر ھېكىم،

كۆپ ئەجرى بەرگەي ئاڭا ئاللا كەرىم.

ئوقۇپ ئاڭلىغانىغا بۇدۇر ئىلتىجا:

ئەلىشىر ھېكىمگە قىلىڭلار دۇئا.

يەنە مېنىمۇ تۇتۇڭلار ئەستە،

سېخى ئۆلسە بولۇر ئورنى جەننەتتە.

تارىخىنىڭ پۈتۈلگەن ۋاقتىن تارىخىن دېدىم،

بىلەلمەسمىكىن دەپ بەكمۇ غەم يېدىم.

تۈگەت سۆزنى مۆجىز غەرىپ بىناۋا،

باشقىچە ئىش تۇت، كىر ئۇلۇغ يولغا.

تامان

1271 ـ يىلى

---

ئامانىسا خېنىم__ مۇشۇ كىتاپىنىڭ ئۆز مەلۇماتلىرىغا قارالسۇن.

فۇزۇلى__ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان "چاغاتاي" ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ مىلادى 1504 ـ يىلى ھازىرقى ئىراقتىكى باغداتنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كەربالا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى سۇلايمان ھەزرەت باغداتنىڭ جەنۇبىدىكى ھىلە شەھىرىنىڭ مۇفتىسى بولغان. فۇزۇلى ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى باغداتتا ئۆتكۈزۈپ، شۇ جايدا شۆھرەت قازانغان. شۇڭلاشقا "فۇزۇلى باغداتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. فۇزۇلى ئۆز ئانا تىلى "چاغاتاي" تىلىدا نۇرغۇن شېئىر ـ غەزەللەرنى يازغاندىن تاشقىرى يەنە پارس تىلىدىمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان.

شې'ئىرىيەتتە "نەۋايى سانى" (ئىككىنچى نەۋايى) دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ <دىۋان فۇزۇلى> ناملىق شې'ئىرلار توپلىمى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. فۇزۇلى مىلادى 1562-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

زەلىلى___ قولىمىزدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، "زەلىلى" تەخەللۇسلۇق ئىككى شائىر ئۆتكەن. بىرى مىلادى 1743-يىلى ۋاپات بولغان يەركەنلىك مۇھەممەت سىدىق زەلىلى؛ يەنە بىرسى مىلادى 1790-1844-يىللاردا ئۆتكەن تۈركمەن شائىرى مەختۇم قۇلۇ زەلىلى. بۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئاماننىسا خېنىمدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغان. دېمەك، بىر بولسا بۇ يەردىكى "زەلىلى" ئاپتور ياكى خەتتاتنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن خاتا يېزىلىپ قالغان، بىر بولسا، ئاماننىسا خېنىم ياشىغان دەۋردە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە تەخى مەلۇم بولمىغان باشقا بىر زەلىلى ئۆتكەن.

مەلىكە دىلسۇز___مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ <شاھنامە> ناملىق كىتابىدا تەسۋىرلەنگەن شاھ جەمشىتنىڭ خوتۇنى. رىۋايەتتە ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق، جەسۇر ۋە خەلقپەرۋەر شائىرە، غەزەلچى دەپ سۆزلىنىدۇ.

نۇشىرۋان___ قەدىمكى ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20-پادىشاسى. ئۇ ئىران، ماۋەرە ئۇننەھرى ۋە ئەرەپ دۆلەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. مىلادى 531-يىلى تەختكە چىقىپ،مىلادى 579-يىلى ۋاپات بولغان.